هېكمەت دۇردانىلىرى مەجمۇئەسى

# خەلق، بەگ ـ ئەمەلدارلار ھەققىدە

# ھېكمەتلەر



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

هېكمەت دۇردانىلىرى مەجمۇئەسى

# خەلق، بەگ ـ ئەمەلدارلار ھەققىدە

# ھېكمەتلەر

پىلانلىغۇچى: مۇرات ئېلى
باش تۈزگۈچى: ئادىل مۇھەممەت
تۈزگۈچىلەر: ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن
ئايشەمگۈل ئايۇپ
جۇرئەت نىياز
بېلىقىز مۇھەممەت



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

图书在版编目(CIP)数据

关于人民的格言:维吾尔文/阿迪力·穆罕默德主编. 一乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社：新疆电子音像出版社，2008.8
(经典格言系列丛书)
ISBN 978-7-80744-423-7

Ⅰ.关... Ⅱ.阿... Ⅲ.格言一汇编一世界一维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.H033

中国版本图书馆CIP数据核字（2008）第122094号

| | |
|---|---|
| 丛书名 | 经典格言系列丛书 |
| 本册书名 | 关于人民的格言 |
| 策划 | 穆拉提·伊力 |
| 主编 | 阿迪力·穆罕默德 |
| 编者 | 艾则孜·阿塔吾拉·萨尔特肯<br>阿依夏木古丽·阿尤甫<br>居来提·尼亚孜<br>贝丽克孜·穆罕默德 |
| 特约编辑 | 阿米娜·克奇克 |
| 责任编辑 | 艾尼瓦·库迪力克 |
| 责任校对 | 克尤木·吐尔逊 |
| 出版 | 新疆美术摄影出版社<br>新疆电子音像出版社 |
| 地址 | 830000 乌鲁木齐市西虹西路36号 |
| 发行 | 新疆新华书店 |
| 印刷 | 新疆新博文印刷有限责任公司 |
| 开本 | 880×1230mm 1/32 |
| 印张 | 3印张 |
| 字数 | 51千字 |
| 版次 | 2008年8月第1版 |
| 印次 | 2008年8月第1次印刷 |
| 书号 | ISBN 978-7-80744-423-7 |
| 定价 | 9.90元 |

(书中如有缺页,错页及倒装请与工厂联系)

www.uyghurkitap.com

# تۈزگۈچىدىن

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، قايسى بىر دانىشمەن «دۇنيا دانىشمەنلەرنىڭ ئىلكىدىدۇر» دېگەن ئىكەن. دەرۋەقە دۇنيا دانىشمەنلەرنىڭ ئەقىل ـ پاراسەت جەۋھەرلىرى بىلەن ئۆز مەنىدارلىقىنى نامايان قىلىپ كەلمەكتە. تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر مۇتەپەككۇرلارنىڭ كىشىلىك ھايات يەكۈنلىرى بولغان ھېكمەتلىك ئىبارىلەر زامان ـ زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قىممىتى يوقىماس گۆھەردەك نۇر چېچىپ، خەلقنىڭ مەنىۋىيىتىنى تويۇندۇرۇشىدىكى خورىماس بۇلاق بولۇپ كەلدى. ئىلگىرى ئۇلارنىڭ ھېكمەتلىك ئىبارىلىرى پارچە ـ پارچە مەنبەلەردە ئېلان قىلىنغان ياكى قىسقىچە توپلام ھالەتتە نەشر قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما مەزمۇن بويىچە ئايرىم ـ ئايرىم توپلام قىلىنمىغان ئىدى. بۇ قېتىم بىز ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان ۋە تۈرلۈك ئەسەرلەردە تىلغا ئېلىنغان ھېكمەتلىك سۆزلەرنى توپلاپ، مەزمۇن بويىچە تۈرگە ئايرىپ «ھېكمەت دۇردانىلىرى مەجمۇئەسى» دېگەن نام ئاستىدا 50 يۈرۈش كىتاب قىلىپ تۈزۈپ چىقتۇق. ئىشىنىمىزكى، بىزنىڭ بۇ كىچىككىنە ئەمگىكىمىز خەلقىمىزنىڭ تارىختا ئۆتكەن ھەرقايسى ئەل مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ دۇنيا قارىشى بىلەن تونۇشۇشىدا، شۇنداقلا ئۇنىڭدا ئېيتىلغان ھايات تەجرىبىلىرى ئارقىلىق ئۆز مەنىۋىيىتىدىكى بوشلۇقلارنى تولدۇرۇشىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينايدۇ.

ئون دەرۋىش بىر پالاستا ئۇخلايدۇ، ئىككى پادىشاھ بىر مەمـ-
لىكەتكە سىغمايدۇ.

سەئدى: «گۈلىستان»دىن

مەرد كىشى يېرىم ناننى ئۆزى يېسە، يېرىمىنى نامراتقا بەخش ئېتەر. بىر ئىقلىمغا ئىگە بولسا بىر پادىشاھ يەنە بىرىنى قولغا ئالسام دەر.

سەئدى: «گۈلىستان»دىن

پادىشاھ كەڭ قورساق - ئالىيجاناب بولۇشى لازىم، شۇنداق بولغاندىلا خەلق ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشىدۇ ھەمدە ئادالەتمۇ كېرەك، چۈنكى، كىشىلەر ئۇنىڭ دۆلىتى سايىسىدە خاتىرجەم ھايات كە-
چۈرەلەيدىغان بولىدۇ.

سەئدى: «گۈلىستان»دىن

پادىشاھ زۇلۇمغا ئاساس سالسا، دۆلەتنىڭ ئۇلىنى كولىغان بىلەن ئوخشاش.

سەئدى: «گۈلىستان»دىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پادىشاھ پۇقرالىرىغا زۇلۇمنى راۋا كۆرسە، دوستى دۈشمەنگە ئايلىنىپ، جەڭ كۈنى بېشىغا بالا بولىدۇ.

سەئدى: «گۈلىستان»دىن

پادىشاھ ئادىل بولسا، پۇقرالىرى ئاڭا لەشكەر بولىدۇ.

سەئدى: «گۈلىستان»دىن

ئاجىز پۇقرالارغا رەھىم ـ شەپقەت قىل، كۈچلۈك دۈشمەن ھېچنېمە قىلالمايدۇ.

سەئدى: «گۈلىستان»دىن

خەلقنى ئەزگەندىن ئۆلگىنىڭ ئەلا!

سەئدى: «گۈلىستان»دىن

كۈچلۈك بىلەك، قۇدرەتلىك قول سەندە بولسا، مىسكىن، ئاجىزنىڭ پەنجىسىنى يانجىشىڭ خاتا. باغرى تاشنىڭ يىقىلغانغا پەرۋاسى يوق، ئۇ يىقىلسا ئاڭا ھېچكىم ياردەم بەرمەس. يامانلىقنى تېرىپ ياخشىلىقنى كۈتسەڭ، قۇرۇق ئۈمىد، خام ـ خىيالغا باغلىنارسەن، قۇلىقىڭدىن پاختىنى ئال، خەلقنى تىڭشا، تىڭشىمىساڭ، بىر كۈنى كېلىپ، ساڭا جازا بېرىدۇ.

سەئدى: «گۈلىستان»دىن

پادىشاھلارنىڭ قەھرى ـ غەزىپىدىن ساقلىنىش لازىم. چۈنكى،

ئۇلارنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارى كۆپىنچە دۆلەتنىڭ مۇھىم ئىشلىرى بىلەن بولۇپ، ئاۋام خەلقنىڭ غەلۋىسىنى كۆتۈرمەيدۇ.

سەئدى: «گۇلىستان»دىن

دۆلەت خەزىنىسىدىكى بايلىق مىسكىنلەرنىڭ ئوزۇقى، ھەرگىز شەيتان بۇرادەرلىرىنىڭ تۇئمىسى ئەمەس.

سەئدى: «گۇلىستان»دىن

پادىشاھلارنىڭ كەيپىنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرۇشىدىن ھەزەر قىلىش كېرەك. چۈنكى، بەزىدە سالام بەرسەڭ رەنجىيدۇ، بەزىدە تىللىساڭمۇ تون كىيدۈرىدۇ.

سەئدى: «گۇلىستان»دىن

كىمكى خىيانەت بىلەن شۇغۇللانسا، قولى ھېسابتا تىترەيدۇ.

سەئدى: «گۇلىستان»دىن

دانىشمەنلەر ئېيتىدۇ: تۆت كىشى تۆت كىشىدىن ئۆلگۈدەك قورقىدۇ؛ قاراقچى سۇلتاندىن، ئوغرى پاشىپتىن، پاسىق چېقىمچىدىن، پاھىشە شەھەر قازىلىرىنىڭ بازار باشقۇرغۇچىسىدىن. ئەمما، ھېسابتا توغرا بولغان كىشى ھېساب بېرىشتىن قورقمايدۇ.



سەئدى: «گۇلىستان»دىن

پادىشاھقا خىزمەت قىلىش دېڭىز سەپىرىگە ئوخشايدۇ ھەم خەتەرلىك، ھەم پايدىلىق؛ ياكى خەزىنىنى قولغا كىرگۈزىسەن، ياكى تىلسىماتتا ئۆلىسەن!

سەئدى: «گۇلىستان»دىن

كىشى ئەمەلدار ئالدىدا كۆكسىگە قول قويۇپ، بېشىنى ئېگەر مۇبادا زامان ئۇنى مەنسىپىدىن چۈشۈرسە، جىمى ئالەم بېشىغا تېپەر.

سەئدى: «گۇلىستان»دىن

ئەڭ بۇرۇن جاھان يارالغاندا زۇلۇمنىڭ ئاساسى كىچىككىنە ئىدى. ئەمما كېيىن دۇنياغا كەلگەن ھەربىر كىشى ئاز ـ ئازدىن كۆپەيتكەچ مانا مۇشۇ دەرىجىگە يەتتى!

سەئدى: «گۇلىستان»دىن

پادىشاھ پۇقرا بېغىدىن بىر ئالمىنى يەي دېسە، غالچىسى دە- رەخنى يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلار. سۇلتان بەش تۇخۇمغا زورلۇق ئەيلەشنى راۋا كۆرسە، لەشكىرىدىن قانچىسى مىڭ توخۇنى زىخقا تارتقاي.

سەئدى: «گۇلىستان»دىن

يۇك كۆتۈرگۈچى ئېشەك ۋە كالا زالىم ئادەمدىن مىڭ مەرتە ئەلا.

سەئدى: «گۇلىستان»دىن

سەلتەنەتتە قولى ئۇستۇن، مەنسىپى بار ھەر كىشى كىشىنىڭ مۈلكىنى تاراج قىلمىسۇن. قاتتىق سۆڭەكنى يۇتمىقىڭ ئۇنچە- لىكمۇ تەس ئەمەس، لېكىن كىندىككە كەلسە قورساقنى يىرتمىقى بىگۇمان.

سەئدى: «گۇلىستان»دىن

بۇ دۇنيادا زالىم ئەبەد قالالمايدۇ. ئۇنىڭغا قالىدىغىنى مەڭگۇ-لۈك لەنەت.

سەئدى: «گۈلستان»دىن

كىشى قازىنىڭ ئالدىغا دەۋا بىلەن كېلىدۇ، پادىشاھتىن بول-سا، ھەق - ئادالەت ئىستەيدۇ.

سەئدى: «گۈلستان»دىن

پەرمانغا بويسۇنۇش ئۇلۇغلۇق بولۇپ، پەرماندىن قاچقانلىنى خورلۇق باسىدۇ.

سەئدى: «گۈلستان»دىن

پادىشاھ دېگەن پۇقرانى ساقلاش ئۈچۈن مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، پۇقرالار ھەرگىز پادىشاھقا ئىتائەت قىلىش ئۈچۈن ئەمەس.

سەئدى: «گۈلستان»دىن

پادىشاھ كەمبەغەللەر پاسىبانى.



سەئدى: «گۈلستان»دىن

سۇلتاننىڭ پىكرىگە زىت سۆزنى ئېيتماق، ئۆز قېنى بىلەن قولىنى يۇماق بىلەن باراۋەر.

سەئدى: «گۈلستان»دىن

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ ئېلېكتىرونلۇق نۇسخىسى

بىر گادايىنىڭ مېلى بىلەن ھەممەت قولىنى بولغاش، پادىشاھلارنىڭ ئۇلۇغۋار مەرتىۋىسىگە لايىق ئەمەس.

سەئىدى: «گۈلىستان»دىن

سۆزنى ئويلىنىپ سۆزلەش ۋە ھەرىكەتنى جايىدا قىلىش كېرەك. بۇ ئومۇم خەلققە شۇنداق، بولۇپمۇ پادىشاھلارغا شۇنداق. چۈنكى، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى ۋە ئېيتقان سۆزلىرى تىللاردا داستان بولۇپ كېتىدۇ، ئەمما ئاۋام خەلقنىڭ سۆزى ۋە قىلغان ئىشلىرى ئۇنچىلىك ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ.

سەئىدى: «گۈلىستان»دىن

دەرۋىشلەر نامۇناسىپ ئىش تۇغدۇرسا، دوستلىرىغا يۈزىدىن بىرى بىلىنمەس. ئەگەر شاھ بىر سۆزنى چاقچاقتىن ئېيتسا، ئىقلىمدىن ئىقلىمغا نېرى كېتىدۇ.

سەئىدى: «گۈلىستان»دىن

خىزمىتىڭدىكى ھوقۇقسىز قۇلغا قەھرىڭنى چېچىپ، دەپسەندە قىلما. قىيامەت كۈنى قۇل ئازاد بولۇپ، غوجا كىشەندە شەرمەندە بولۇر.



سەئىدى: «گۈلىستان»دىن

پادىشاھ ئۆز دۈشمەنلىرىگە ھەددىدىن تاشقىرى غەزەپلەنمەس-

لىكى كېرەك. بولمىسا، دوستلىرىنىڭ ئىشەنچىسىنى يوقىتىپ قويىدۇ، غەزەپ ئوتى ئاۋۋال ئۆز ئىگىسىگە تۇتىشىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن دۈشمەنگە يېتىپ بارىدۇ ياكى يېتىپ بارمايدۇ.

سەئدى: «گۇلىستان»دىن

بىراۋنىڭ خائىنلىقىنى پادىشاھقا (دەرھال) يەتكۈزمە. پەقەت بۇ خەۋەرنى پادىشاھ قوبۇل قىلىشقا ئىشەنچىڭ كامىل بولغان چاغدىلا يەتكۈز، ئۇنداق بولمىغاندا ئۆزۈڭنىڭ ھالاك بولۇشىغا تىرىشقان بولىسەن.

سەئدى: «گۇلىستان»دىن

شەيتان ساپ دىل كىشىلەر بىلەن چىقىشالمايدۇ، سۇلتان سۇنغان سودىگەر بىلەن.

سەئدى: «گۇلىستان»دىن

يامان ئاقىۋەتكە قالىدىغان پادىشاھتىن كېلەچىكى بەختلىك بولغان گاداي ياخشى.

سەئدى: «گۇلىستان»دىن



كىمكى قول ئاستىدىكىلەرگە كەڭ قورساق بولمىسا، ئۆزىدىن ئۇستۇنلەرنىڭ جەبرىگە ئۇچرايدۇ.

سەئدى: «گۇلىستان»دىن

بېشىنىڭ كېتىشىدىن قورقمىغان ۋە پۇل ـ مېلىدىن ئۈمىد

ئۆزگەن كىشى پادىشاھلارغا نەسىھەت قىلسۇن.

سەئدى: «گۈلىستان»دىن

ھەممە كىشىنىڭ چىشى ئاچچىق ـ چۈچۈك نەرسىلەردىن قامىسا، قازىلارنىڭ چىشى تاتلىق نەرسىلەردىن قامايدۇ.

سەئدى: «گۈلىستان»دىن

يالغۇز ئۆز راھىتىڭنىلا ئويلىما، يوقسۇللارنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىل. ئۆز راھىتىڭنىلا ئويلىساڭ، يۇرتتا ھېچكىم ھوزۇر تاپالمايدۇ. چوپان ئۇيقۇدا، بۆرە بولسا قوي پادىسىنىڭ ئىچىگە كىرىۋاپتۇ، بۇ ئاقىلنىڭ ۋە ئەقىللىق ئادەمنىڭ ئىشىمۇ؟ شۇنى بىلگىنكى، شاھ پەقەت خەلقى بىلەن شاھ بولىدۇ ۋە بېشىدىكى تاجىنى قوغدايدۇ. شۇ ۋەجىدىن موھتاجلىقتىكى دەرۋىشلەر ۋە يوقسۇللارغا نەزەر سال. كەمبەغەللەرنىڭ قولىنى تۇت، خەلق دەرەخنىڭ يىلتىزىغا ئوخشايدۇ. شاھ بولسا ئۇ دەرەخنىڭ ئۆزىدۇر. دەرەخنى تۇتۇپ تۇرىدىغان ئۇنىڭ يىلتىزىدۇر. خەلقنىڭ قەلبىنى يارىلىما، يارىلىساڭ، خەلقنىڭ دىلىنى ئاغرىتساڭ، ئۆز يىلتىزىڭنى قىرقىغان بولىسەن. قولۇڭدىن كېلىشىچە خەلققە ياخشىلىق قىل.

سەئدى: «بوستان»دىن

ئۆزىنى ماختايدىغان، جاھىل، شەھۋەتپەرەس ۋە ھاۋايى ـ ھە-

ۋەسىنىڭ كەينىگە كىرگەن پادىشاھتىن ئانچە قورقۇپ كەتمەي، ئاللادىن قورقمايدىغاندىن قورق. بىر ھۆكۈمدار ئەگەر خەلقىنىڭ دىلىنى يارىلىسا، مەملىكىتىنىڭ مەمۇرچىلىقىنى پەقەت چۈشىدىلا كۆرەلەيدۇ. بىر يۇرتنىڭ خاراب بولۇشى ۋە بىر پادىشاھنىڭ يامان نام چىقىرىشى ئۇنىڭ زۇلمىدىن مەيدانغا كېلىدۇ. مېنىڭ بۇ سۆزۈمنىڭ قىممىتىنى پەقەت ئەقىللىق ۋە زەكىي كىشى ئالقىشلايدۇ.

سەئدى: «بوستان»دىن

خەلق سەلتەنەتنىڭ تىرىكىدۇر، ئۇ تۈتقىنى زۇلۇم بىلەن نابۇت قىلماسلىق كېرەك. ئۆزۈڭ بىرەر پايدا ئېلىش ئۈچۈن يېزىلىقلار بىلەن دېھقانلارنى نەزەردە تۇت. چۈنكى، ئەجىر بىلەن ئىشلىگەن كىشى ئالغان ھەقتىن مەمنۇن بولسا، تېخىمۇ كۆپ ئىشلەيدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ياخشىلىق كۆرگەن كىشىگە يامانلىق قىلساڭمۇ ئانچە ياراشمايدۇ.

سەئدى: «بوستان»دىن

پادىشاھنىڭ دەرۋازىسى كەبىنىڭ ئىشىكىگە ئوخشايدۇ، شۇ قەدەر گۈزەلدۇر. دۇنيانىڭ ھەر تەرىپىدىن، چوڭقۇر ۋە كەڭ يوللىرىدىن كىشىلەر ئۇ يەرگە ھاجىلاردەك يۈگۈرۈشۈپ كېلىدۇ.

سەئدى: «بوستان»دىن



پادىشاھ بولسا يولغا چىققان يولۇچى ۋە ھەق سۆزگە قۇلاق سالىدىغان ئاڭلىغۇچىدۇر.

سەئدى: «بوستان»دىن

كۇندۇزلىرى پادىشاھلىق قىلساڭ، كېچىلىرى يوقسۇل دەر-

ۋىشلەردەك يېلىنىپ ـ يالۋۇرۇپ دۇئالار قىل.

سەئدى: «بوستان»دىن

خەلق زالىمدىن قاچىدۇ ۋە ئۇنىڭ يامان نامىنى، سەت خۇي ـ مىجەزىنى دۇنيانىڭ ھەممە تەرىپىگە يايىدۇ. يامان ئۇل ئۇستىدە سەلتەنەت سۈرگەن پادىشاھ، ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆز ئۇلىنى ئۆز قولى بىلەن ئۇلتۇرغۇزىدۇ.

سەئدى: «بوستان»دىن

ھەرقانداق بىر ئىشنى قىلىشقا نىيەت قىلىپ ئۇنىڭغا بەل باغلىساڭ، دائىما خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى ئويلا. ئادالەتتىن ئايرىلمىغىنىكى، ئاھالىمۇ ساڭا بولغان ئىتائەتتىن ئايرىلمىسۇن. ئاقىللارچە ئىش كۆرگىنىكى، بۇلارمۇ سەندىن يۈز ئۆرۈمىسۇن.

سەئدى: «بوستان»دىن

ئالەمدە ئىنساپلىق ئىش قىلغان ھۆكۈمداردىنمۇ بەختىيار كىشى زادى بارمىدۇ؟ بۇنداق ھۆكۈمدار دۇنيادىن كۆچكەن چاغدا ھەممە كىشى ئۇنىڭغا رەھمەت ئوقۇيدۇ. ياخشىلارمۇ ئالەمدىن ئۆتىدۇ. يامانلارمۇ... ئەڭ ياخشىسى، بىر ياخشى نام قالدۇرغىنىكى، ھەممە كىشى سېنى ھەريەردە خەير بىلەن ياد ئەتسۇن.

سەئدى: «بوستان»دىن

ياخشىلارنى كۈتكەن كىشى يامانلىق كۆرمەيدۇ، يامانلارنى كۈتكەن بولسا، ئۇ ئۆز جېنىنىڭ دۈشمىنىدۇر.

سەئدى: «بوستان»دىن

خەلققە زۇلۇم سالغانىنىڭ مال ـ دۇنياسىنى تارتىۋېلىش بىلەن قانائەت ۋە بولدى قىلما، ئۇلارنىڭ يىلتىزىنى قومۇر.

سەئدى: «بوستان»دىن

ھەقسىزلىق قىلغان ۋالىينى دوست تۇتما ۋە خوپ كۆرمە. بۇنداقلار قاچان سەمرىشكە باشلىسا، شۇ ھامان تېرىلىرىنى سو-يۇش كېرەك. بۆرىنىڭ بېشىنى قوينى يەپ كەتمەستىن ئاۋۋال ئې-لىش كېرەك.

سەئدى: «بوستان»دىن

بىرىگە بىرەر ئىش بەرمەكچى بولساڭ، پۇل ۋە مالنىڭ قىممىتىنى بىلىدىغانغا بەر. ۋەيران بولغان ۋە قەرزنى قايتۇرالماي-دىغان ئادەمگە بەرمە. ئۇ بۇلارنىڭ قىممىتىنى بىلسە ئىدى، ھەرگىز ۋەيران بولمايتتى. ۋەيران بولغان ئادەم مەھرۇم بولىدىغان بىر نەر-سىسى بولمىغانلىقى ئۈچۈن پادىشاھتىن قورقمايدۇ. نېمە دېسەڭ بوينىنى پۈكىدۇ، يېلىنىپ ـ يالۋۇرۇشتىن باشقا قولىدىن ھېچ نەرسە كەلمەيدۇ.

سەئدى: «بوستان»دىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

پادىشاھىم! پىتنە ـ پاساتچى، غەيۋەتخور بولغان بىر ياقا يۇرت ـ
لۇقتا غەزەپلىنىشىڭنىڭ ھاجىتى يوق. ئۇنى يۇرتتىن چىقىرىۋې ـ
تىش بىلەن بولدى قىلساڭمۇ بولىدۇ. ئۇنىڭ ئەسكى مىجەزى ئۇ ـ
زىگە بالا ـ قازا ئەكېلىشكە يېتىپ ئاشىدۇ.

سەئدى: «بوستان»دىن

بىر بىچارىنىڭ ۋە غېرىبىنىڭ كۆڭلى سۇنغان يەر ئۇزۇنغا
بارماي ۋەيران بولىدۇ. مۇساپىرلار ۋە ساياھەتچىلەر بىلەن تونۇش،
ئۇلار بىلەن دوست بول. چۈنكى، ياخشى نامنى ئەتراپقا تارقىتىد ـ
غانلار شۇلار. ئاجىزلارغا ياخشى مۇئامىلە قىل، يولۇچىلارنى خۇش
قىل. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئەسكىلىرىدىن ھەزەر ئەيلە، چۈنكى، ئۇلا ـ
رنىڭ ئىچىدە دۈشمەن ۋە يامان كىشىلەرمۇ بولۇشى مۇمكىن،
شۇنداقلا دوست قىياپىتىدىكى دۈشمەنمۇ بولۇشى مۇمكىن.

سەئدى: «بوستان»دىن



خىزمەت كۆرسەتكەن ئادەملىرىڭنىڭ ياخشى تۇرمۇش كەچۈ ـ
رۈشىگە كاپالەتلىك قىل، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلار چۈنكى،
سەن ئېھتىياجىنى قامدىغان كىشىلەر ساڭا ئىنساپسىزلىق قىل ـ
مايدۇ. ئۇزۇن يىللار ساڭا خىزمەت قىلغان خادىملارنىڭ ئەجىرلى ـ

رىنى ئۇنتۇما. بىر خادىم ياشىنىپ ئىشلىيەلمەس ۋە قولىدىن ئىش كەلمەس ئەھۋالغا چۈشسە، ئەمدى بۇنىڭدىن پايدا تەگمەيدۇ دەپ، ئۇنى ئۆز ھالىغا قويۇۋەتمە ۋە خالىغانچە تاشلىۋەتمە، ئۇنىڭ قولى ئىش-تىن قالغان بولسا، سېنىڭ خەير - ئېھسان قولۇڭ ئىشتىن قال-مىسۇن - دە!

سەئدى: «بوستان»دىن

بۇرۇندىن تارتىپ بىر - بىرى بىلەن ياخشى بۇرادەر بولغان، ئوخشاش پىكىرلىك ئىككى خادىمنى بىر يەرگە بىر چاغدا ئەۋەتمە. نەدىن بىلىسەن، بەلكىم بىرى ئوغرى، يەنە بىرى ئۇنىڭ ئوغرىلى-قىنى يوشۇرغۇچى بولۇشى مۇمكىن. بۇنداقلار تەبىئىتى بىلەن بىر - بىرىگە ياردەم بېرىشىدۇ. بىرى ئوغرىلايدۇ، يەنە بىرى ئۇنىڭ شېرىكى بولۇپ ئۇنى قوغدايدۇ. ئوغرىلار بىر - بىرىدىن قورقسا ۋە ئۆزىنى تارتسا، كارۋان ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ساق - سالامەت ئۆتۈپ، مەنزىلگە ئامان - ئېسەن يېتىپ بارالايدۇ.

سەئدى: «بوستان»دىن

ھەي پادشاھىم! دۈشمىنىڭگە يۇمشاق مۇئامىلە قىلساڭ ۋە بوشاڭلىق قىلساڭ، ئىنتايىن ھەددىدىن ئېشىپ، شىر بولۇۋالىدۇ ۋە سېنى يېڭىدۇ، قاتتىق مۇئامىلە قىلساڭ، سەندىن زېرىكىپ بى-زار بولىدۇ. ئەڭ ياخشىسى يۇمشاقلىق بىلەن قاتتىقلىقنى تەڭ قوللىنىش كېرەك. قان ئالغۇچىغا ئوخشاش، ئۇ ھەم قان ئالىدۇ، ھەم ئۇ يەرگە مەلھەم سۈرىدۇ.

سەئدى: «بوستان»دىن

بىرىنى ئىشتىن بوشاتقىنىڭدا، بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن

كېيىن ئۇنى ئەپۇ قىل. ئۈمىدلەنگەن كىشىنى نائۈمىد قىلمىغىن. ئۇنىڭ ئۈمىدىنى ئەمەلگە ئاشۇرغۇزۇش ئايىغى كىشەنلىك مىڭ مەھبۇسنى ئازاد قىلغاندىنمۇ خەيرلىكتۇر

سەئدى: «بوستان»دىن

بىر كاتىپ ئىشتىن چىقىرىلسا ئۈمىدلىرى ئۈزۈلمىسۇن، مەيۇسلەنمىسۇن! ئادىل پادىشاھ ئاتىغا ئوخشايدۇ. باللىرىنى بەزىدە ئۇرىدۇ، يىغلىتىدۇ، بەزىدە كۆز ياشلىرىنى ئېرتىدۇ.

سەئدى: «بوستان»دىن

ھەي ھۆكۈمدارىم! ئالىيجاناب، ياخشى مىجەزلىك ۋە ھۆرمەتكار بول، ئاللا ساڭا چېچىپ بېرىپتۇ، سەنمۇ خەلققە چاچ. دۇنياغا كەلگەنلەر يەنە كېتىدۇ. بۇ يەردە قالمايدۇ. ئۇنىڭدىن پەقەت بىر ياخشى نام قالىدۇ. ئۆلمەسلىك، ئەبەدىي ياشاش دەپ مانا شۇنى دەيدۇ. ئۆزىدىن كېيىن كۆۋرۈك، مەسچىت، مۇساپىرخانا، دەڭ ۋە كارۋان سارايغا ئوخشاش ئەسەرلەر قالغان، يادىكار قالدۇرۇپ كەتكەن كىشىلەر ئۆلمەيدۇ.

سەئدى: «بوستان»دىن

بىرەر ساۋابلىق ئىش قالدۇرمىغان كىشىگە ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن پاتىھە ئوقۇشقا ئەرزىمەيدۇ. سەن نامىڭنىڭ ھەمىشە ئەسلىنىپ تۇرۇشىنى ئۈمىد قىلساڭ، ھەر دائىم ئۇلۇغلارنى ئەسلە. سەندىن بۇرۇن كەلگەن ھۆكۈمدارلار قانداق خەيرلىك ئىشلارنى قىلغان بولسا، سەنمۇ ئۆز دەۋرىڭدە ئۇلاردەك ئىش قىل.

سەئدى: «بوستان»دىن

بىر كىشى گۇناھىنى ئېتىراپ ۋە ئىقرار قىلىپ، ئۆزرە تىلىسە ئۇنى ئەپۇ قىل. رەھىم تىلىگەنلەرگە رەھىم قىل. بىر گۇناھكار ئىلتىجا قىلسا، ئۇنى دەرھال ئۆلتۈرۈش مۇۋاپىق ئەمەس. لېكىن، قىلىنغان نەسىھەتنى ئاڭلىمىغاننى ئەدەپلەش، جازالاش، قۇلىقىنى سوزۇش ۋە تۈرمىگە ئېلىش كېرەك. بۇمۇ ئۇنى تۈزىتەلمىسە، ئۇ چاغدا بۇ بىر زىيانلىق دەرەخكە ئوخشايدۇ، ئۇنى يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلاش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە بىر كىشىگە غەزەپلەنگىنىڭدە، ئۆلۈم جازاسى بېرىشتىن ئاۋۋال ياخشى ئويلان، چۈنكى، كېسىلگەن باش قايتا ئورنىغا كەلمەيدۇ. بەدەخشان لەئەلىنى چېقىش ئاسان. ئەمما، چېقىلغان پارچىلارنى يىغىپ ئەسلىي ھالىغا كەلتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس.

سەئدى: «بوستان»دىن

ھەرقانچە كۈچلۈك بولساڭمۇ، لەشكىرىڭ ھەرقانچە كۆپ بولسىمۇ، ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوق دۈشمىنىڭگە ھۇجۇم قىلما. چۈنكى، دۈشمىنىڭ بولغان پادشاھ ئېگىز ۋە مۇستەھكەم قورغانغا بېكىنىۋالىدۇ، بولغۇلۇق بىچارە خەلقىڭگە بولىدۇ.

سەئدى: «بوستان»دىن



پادىشاھ بولسۇن، بولمىسۇن، كىشىنىڭ كەينىدە قالغان مال ـ مۈلۈك، ئالتۇن ـ كۈمۈش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئاز ۋاقىتتىن كېيىن يوق بولىدۇ.

سەئدى: «بوستان»دىن

بىر مەملىكەتتە ئاجىزلار كۈچلۈكلەردىن ھەقسىزلىك كۆر-

سە، ئۇ يەردە پادىشاھقا ئۇيقۇ ھارامدۇر. خەلقنى قارىمۇقنىڭ قاسى-
رىقچىلىكمۇ ئەزمە، رەنجىتمە ۋە ئۇمىدسىزلەندۇرمە. چۈنكى،
خەلق پادا، ھۆكۈمدار بولسا ئۇنىڭ چوپانىدۇر. ئەگەر خەلق پادىشا-
ھىدىن يامانلىق كۆرسە، ئۇ پادىشاھ ئۇ پادىنىڭ چوپانى ئەمەس، بۆ-
رىسىدۇر. ئاھالىگە ھەقسىزلىق قىلغان، يامانلىقنى ئويلىغان ھۆ-
كۈمدارنىڭ ئۆلۈمى پاجىئەلىك بولىدۇ. خەلققە قىلىنغان يامانلىق
ئۆتۈپ كېتىدۇ، لېكىن ئۇ زالىمنىڭ يامان نامى ئۇنتۇلمايدۇ.

سەئدى: «بوستان»دىن

بىرىنى ئۆلتۈرۈشتىن ئاۋۋال زىندانغا تاشلاش ناھايىتى ئو-
رۇنلۇق ئىشتۇر. چۈنكى، كېسىلگەن باش ئورنىغا كەلمەيدۇ.

سەئدى: «بوستان»دىن

ئەمر قىلغۇچى ۋە شانۇ شەۋكەت ئىگىسى بولغان پادىشاھلار
خەلقنىڭ ئاۋارىچىلىك ئىشلىرىدىن زېرىكمەسلىكى لازىم. غۇرۇر
تەختىدە ئولتۇرۇپ چىدىغۇچىلىكى قالمىغان ھۆكۈمدارنىڭ بېشىغا
كىيدۈرۈلگەن تاج ئۇنىڭغا ھارامدۇر.

سەئدى: «بوستان»دىن

خەلق كۆچەتكە ئوخشايدۇ، ئۇنى ياخشى پەرۋىش قىلساڭ مې-
ۋىسىدىن بەھرىمەن بولىسەن. ھەرگىز كۆچەتنى يىلتىزىدىن قو-
مۇرۇۋەتمە، بۇ بىر زۇلۇمدۇر ۋە ئۆزۈڭگە زىياندۇر. كىشىنىڭ ئۆز ـ
ئۆزىگە زىيان سېلىشى ئەخمەقلىقتۇر.

سەئدى: «بوستان»دىن

قول ئاستىدىكىلەرگە ئەزىيەت قىلمىغان كىشى ياشلىقىدىن

ۋە بەختىدىن پايدا ئالالايدۇ. قول ئاستىڭدىكىلەر ئەمەلدارلىرىڭ بولسۇن ياكى پۇقرا بولسۇن، بەختسىز ۋە پەرىشان بولسا، ئۇلارنىڭ قارغىشىدىن قورق.

سەئدى: «بوستان»دىن

ھۆكۈمداردىن رازى بولمىغان لەشكەر چېگرىنى دۈشمەندىن قوغدىيالمايدۇ.

سەئدى: «بوستان»دىن

پۈتۈن جاھاننىڭ سەلتەنىتى يەرگە تامچىغان بىر تامچە قانغا ئەرزىمەيدۇ.

سەئدى: «بوستان»دىن

بىر مەملىكەتتە پادىشاھ پادىچىلىك ئويلىيالمىسا ۋە ياخ- شى بىلەن يامانىنى، دوست بىلەن دۈشمەننى پەرق ئېتەلمىسە، سەل- تەنەت ۋە مەملىكەتنىڭ ئاقىۋىتىدىن قورقۇشقا توغرا كېلىدۇ.

سەئدى: «بوستان»دىن

ھەي پادىشاھىم! سەنمۇ بىر ئىشىككە ئۈمىد باغلاپسەن. سې- نىڭ ئىشىكىڭگە ئۈمىد باغلىغانلارمۇ بار. خاپىلىق تارتماي دېسەڭ، دەردمەنلەرنىڭ كۆڭۈللىرىنى ئازابتىن قۇتقۇز. ھەقلىرىنى تەلەپ قىلغان مەزلۇملارنىڭ بىئارامىلىقى ۋە كۆڭۈللىرىنىڭ پەرىشانلىقى ھۆكۈمدارنى مەملىكىتىدىن، تەختىدىن ئايرىۋېتىدۇ. سەن سالقىن ئورداڭدا چۈشكىچە ئۇخلايسەن، لېكىن غېرىب ـ بىچارىلەر تاشقى- رىدا قىزىق ئاپتاپتا كۆيۈپ ـ پىشماقتا. بۇ ساڭا راۋامىدۇر؟ پادىشا- ھىدىن ئادالەت تەلەپ قىلىپ ئالالمىغاننىڭ ھەققىنى مەھشەر كۈنى

www.uyghurkitap.com

جانابىي ھەق ئېلىپ بېرىدۇ.

سەئدى: «بوستان»دىن

پادىشاھ تەختىدە راھەت ئۇخلىسا، خەلق راھەت بولمايدۇ، لېكىن، پادىشاھ ئۇخلىماي خەلقنى ئويلىسا، خەلق راھەت ۋە ھۇزۇرلىنىپ ئۇخلايدۇ.

سەئدى: «بوستان»دىن

شەھەرنىڭ يۈرىكى يوقسۇللۇقتىن يارا تۇرسا، پادىشاھقا زىبۇزىننەت ياراشماس. ماڭا كۆزسىز ئۈزۈك يارىشىدۇكى، خەلقنىڭ كۆڭلىنىڭ قايغۇلۇق بولۇشى ياراشمايدۇ. خەلقنىڭ راھىتىنى ئۆز ھۇزۇرىدىن ئەلا بىلگۈچى نېمىدېگەن بەختلىك.

سەئدى: «بوستان»دىن

ھەي كاتتا مەرتىۋە ۋە مەنسەپدار! كىچىكلەرگە زومىگەرلىك قىلما. شۇنى بىلگىنكى، دۇنيا بىر ئىزىدا تۇرمايدۇ. ئاجىزلارنىڭ قولىنى قايرىما. چۈنكى، ئۇ ئاجىز پۇرسەت تاپسا سېنى يوقىتىدۇ. ھېچكىمنى ئىشىدىن مەھرۇم قىلما، ھېچكىمنى ماكانىدىن ئايرىما، ھېچكىمنى يىقىتىشقا تىرىشما. چۈنكى، يىقىلىپ ئامالسىز قالغان چېغىڭدا ھېچكىم سېنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ قويمايدۇ.

سەئدى: «بوستان»دىن

خەزىنىنى تولدۇرۇشتىن كۆرە، كۆڭۈللەرنى ئۇتۇشقا تىرىش. خەزىنەڭنىڭ قۇرۇق قېلىشى كىشىلەرنى قىيىنچىلىقتا قالدۇرۇشتىن ياخشىراق.

سەئدى: «بوستان»دىن

پادىشاھلىقتىن چوڭ ۋە يۇقىرى مەرتىۋە يوق دىمە. ھەرقانچە بولسىمۇ كەمبەغەلنىڭ پادىشاھلىقىدەك بەختەر ۋە راھەت بولماس، بۇنى بىلىملىكلەرمۇ بىلىدۇ ۋە سەئدى: «ھەئە، شۇنداق» دەيدۇ.

سەئدى: «بوستان»دىن

قول ئىلكىدە بولمىغان كىشى پەقەت ناننىڭ غېمىنىلا قىلىدۇ، ھۆكۈمدار بولسا ئىلكىدىكى چوڭ بىر مەملىكەتنىڭ قايغۇسىدىدۇر.

سەئدى: «بوستان»دىن

قىيامەت كۈنى ئادىل كىشىلەر ئەرشنىڭ سالقىن سايىسىدە راھەت ئارام ئالىدۇ. ئۇ نېمىدېگەن بەختلىك!

سەئدى: «بوستان»دىن

كۈچۈك بىلەن كۆرەشلەپ ئاجىزلارنى يىقىتما. مەھشەر كۈنى قارايدىغان بولساڭ، كۆرىسەنكى، بىر تال ئارپىچىلىك قەدىر - قىممىتى بولمىغان بىر تىلەمچى بىر پادىشاھنىڭ ياقىسىدىن سۆرەپ مەھكىمىگە ئېلىپ بارىدۇ. قىيامەت كۈنى ئۇلۇغلۇقۇڭ بىلەن تۇراي دېسەڭ، بۇ دۇنيادا كىچىكلەرنى ئۆزۈڭگە دۇشمەن قىلما، چۈنكى، سېنىڭ بۇ سۇلتانلىقىڭ قالىدۇ، ئۇ چاغدا ھېلىقى تىلەمچى قەھر - غەزەپ بىلەن پېشىڭگە ئېسىلىدۇ. ئاجىزلاردىن قولۇڭنى تارت، ئۇلارغا غەزەپلەنمە، سېنى تارتىپ يەرگە يىقىتسا ئۇياتقا قالىسەن. ھۆر ۋە ئېسىلزادىلەرنىڭ نەزىرىدە ئاجىزلارنىڭ قولىدا يىقىلىش نومۇسلۇق ئىشتۇر.

سەئدى: «بوستان»دىن

شاھمات ئويۇنىدا شاھ بىر دەملىك مەغرۇر، لېكىن مات بولۇشتىن قورقۇپ كاتەكلەردە پىسكىندەك بولۇپ قالىدۇ. ھۆكۈمدارنىڭ ئەھۋالىمۇ شۇنىڭغا ئوخشايدۇ.

سەئدى: «بوستان»دىن

ئىلىم ۋە ئادالەت بىلەن دەۋران سۈرگەن پادىشاھلار نېمىدېگەن بەختلىك! خەلقنىڭ راھەتلىكى ئۈچۈن تىرىشقانلار سائادەت توپىنى تۇتقان بولىدۇ.

سەئدى: «بوستان»دىن

پادىشاھ ھەق يولىدىن ئايرىلمىسا ۋە توغرا سۆزنى ئاڭلىسا، بۇ دۇنيادىن سەپەر قىلغاندىن كېيىن، سەلتەنىتىنى يەنە بىر دۇنيادا قۇرىدۇ. ئۆلۈم بۇنداق كىشىدىن ھېچ نەرسىنى كەم قىلمايدۇ.

سەئدى: «بوستان»دىن

خەزىنىسى، ھەربىي قوشۇنى، شان ـ شەۋكىتى بولغان، ياخشى ياشىغان، تىلىكىگە نائىل بولغان ھۆكۈمدار ئىبادىتىدە دائىملىق ۋە ياخشى تەبىئەتلىك بولسا، بۇ سائادەت مەڭگۈگە ئۇنىڭ دېگەنلىكتۇر.

سەئدى: «بوستان»دىن

خۇشاللىقنى خەلقنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبىتىدىن ئىزدىگەن زالىم پەقەت مۇشۇ بەش كۈنلۈك دۇنيادا سۈرگەن كەيپ ـ ساپاسى بىلەنلا ياشايدۇ.

سەئدى: «بوستان»دىن

زۇلۇم بىلەن كىشىلەرنى ئازاب ـ ئوقۇبەت ئۈيقۇسىغا چۆمـ
دۈرگەن زالىمنىڭ كۆزى يۇمۇلۇپ، قايتا باش كۆتۈرەلمىگىنى نا
ھايىتى خەيرلىكتۇر.

سەئدى: «بوستان»دىن

خۇشاللىق بىلەن قارشى ئېلىنىشىڭنى، ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇشۇڭنى ئويلىساڭ، بىرلا چارە بار. ئۇ بولسىمۇ زۇلۇم يولىدىن قايتىش، زۇلۇمدىن ۋاز كېچىشىڭدۇر.

سەئدى: «بوستان»دىن

سەئدى: «بىر پادىشاھ قاچان خەلقنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولسا، مانا شۇ چاغدا كۆڭۈلگە ياقىدىغان بىر ئىنسان ھېسابلىنىدۇ. بولمىسا چىغرىق چۆرگەن قېرى مومايلار ئۇنى نەپرەت بىلەن تىلغا ئالغانلىقىدا، رەسمىي سورۇندىكىلەرنىڭ پادىشاھنى ئالدىدا مەدھىيىلەشلىرىنىڭ ئەھمىيىتى نېمە!»

سەئدى: «بوستان»دىن

سېنىڭ خەزىنەڭ بار، ئەمرىڭ ھەممە يەردە ئۆتىدۇ. مەن بولسام بىئارامىلىق، قورقۇنچ ئىچىدە ياشاۋاتقان بىر كىشىمەن. لېكىن، ئۆلۈم دەرۋازىسىدىن كىرگىنىمىزدىلا باراۋەر بولىمىز. بۇ بەش كۈنلۈك دۇنياغا ۋە بۇ بەش كۈنلۈك سەلتەنەتكە كۆڭۈل بەرمە ۋە ئۇنىڭدىن ئۈمىد كۈتمە، ئۆزۈڭنى خەلقنىڭ ئاھى بىلەن ئۆرتىمە. سەندىن كېيىنكىلەر سەندىنمۇ كۆپ يىغىپ، توپلاپ زۇلۇملىرى بىلەن جاھاننى ئۆرتەيدۇ، ئاخىرىدا قانداق بولىدۇ؟
شۇنداق ياشىغىنكى، ئۆلگىنىڭدىن كېيىنمۇ كىشىلەر سېنى

خەير بىلەن ياد ئېتىلىشنى، كەينىڭدىن لەنەتلىنىشنى. ناچار ئادەتلەرنى ئوتتۇرىغا چىقارما، بۇ ناچار ئادەتلەر ۋەجىدىن كېيىن لەنەت بىلەن ياد ئېتىلىشىڭ مۇمكىن.

سەئدى: «بوستان»دىن

پادىشاھ ھەربىي قوشۇننىڭ جېنىدۇر، ئۇنى قوغداش دۈشمەننى قوغلاشتىن ئەۋزەلدۇر.

سەئدى: «بوستان»دىن

ئىنسانلاردا بولۇشقا تېگىشلىك ئىككى ئارتۇقچىلىق بار. بىرىنچىسى، قەلەم ۋە ھۈنەر ـ سەنئەت، ئىككىنچىسى، قىلىچ تۇتالايدىغان بولۇش. بۇ ئىككى ئارتۇقچىلىققا ئىگە بولمىغانلار ۋە بۇ ئىككى ئارتۇقچىلىققا ئىگە بولغانلارنى تەقدىرلىمىگەن پادىشاھلار ئۆلۈپ كەتسە، ئۇلارغا ھېچكىم ئېچىنمايدۇ.

سەئدى: «بوستان»دىن

ئالىملار، ئىختىساسلىقلار ۋە لەشكەرلەرنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئالغان ھۆكۈمدارلار سەلتەنىتىدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ ۋە دۆلەتنى ياخشى ئىدارە قىلىدۇ.

سەئدى: «بوستان»دىن

جەڭ ئۈچۈن قىلىچىڭنى قولۇڭغا ئالغىنىڭدا، ئاستىرتىن يارىشىش يولىنىمۇ ئىزدىگىن.

سەئدى: «بوستان»دىن

جەڭچىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئۆت، لازىم تېپىلغاندا تويتەك ئايە-

غىڭغا يىقىلىپ، ساڭا جېنىنى پىدا قىلىدۇ.

سەئدى: «بوستان»دىن

دۇبۇلغىلارنى پارقىرىتىپ قوشۇن تارتقان قوماندانلار بىر تە-رەپتىن ئۇرۇشسا؛ يەنە بىر تەرەپتىن ئاستىرتىن يارىشىشنى ئىز-دەيدۇ.

سەئدى: «بوستان»دىن

دۇشمەن قوماندانىدىن بىرى قولۇڭغا چۈشسە، ئۇنى شۇئان ئۆلتۈرمە، سەۋرلىك بول. چۈنكى،سېنىڭ قوشۇنۇڭدىنمۇ بىر قو-ماندان دۇشمەنگە ئەسىر چۈشۈپ قېلىشى مۇمكىن. سەن ئەسىر ئالغان دۇشمەن قوماندانىنى ئۆلتۈرسەڭ، دۇشمەنمۇ ئەسىرگە چۈشكەن سېنىڭ قوماندانىڭنى ئۆلتۈرىدۇ ـ دە، ئۇنى قايتا كۆرەل-مەيسەن.

سەئدى: «بوستان»دىن

ئەسىرلەرگە ئازار بەرگەن ۋە زۇلۇم سالغان كىشى كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ئۆزىنىڭمۇ شۇ ھالغا چۈشۈپ قېلىش مۇمكىنلىكىنى ئوي-لىشى ۋە ھازىردىن باشلاپ بېشىغا كېلىدىغان شۇ ئەھۋالنىڭ غې-مىنى قىلىشى لازىم.



سەئدى: «بوستان»دىن

يېڭىدىن خىزمەتكە قويغان كىشىلەرنى بەك چىڭ تۇتما. يىپنى بىرئاز قويۇپ بوش تۇت، لېكىن ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتمە، بولمىسا قايتا دىدارىنى كۆرەلمەيسەن.

سەئدى: «بوستان»دىن

سەئدى: «دۈشمىنىڭنىڭ دۆلىتىنى ۋە قەلئەسىنى ئۇ-رۇش بىلەن ئالساڭ، شەھەرلەرنى ئىدارە قىلىشنى تۈرمىلەردىكى مەھبۇسلارغا تاپشۇر. چۈنكى، ئۇلارنىڭ رايى قايتقان بولۇپ، چىش-لىرىنى زالىملارنىڭ بوغۇزىغا پاتۇرۇپ ئۇلارنىڭ قېنىنى ئىچىدۇ».

سەئدى: «بوستان»دىن

دۈشمەندىن ئالغان يەرنىڭ ئاھالىسىگە بۇرۇنقى خوجىسىدىن ياخشى مۇئامىلە قىل. بۇنداق قىلساڭ، دۈشمەن قايتا باش كۆتۈر-گەندە، ئۇنى ئالدى بىلەن شۇ ئاھالە دۇمبالايدۇ.

لېكىن ئۇلارغا ئەزىيەت قىلساڭ، دۈشمەنگە شەھەرنىڭ دەرۋا-زىسىنى تاقىشىڭ بىكار ئاۋارىچىلىكتۇر. دەرۋازىلارنى بىكاردىن تاقىما ۋە دۈشمەنلەر دەرۋازىمىزغا يېتىپ كەلدى دېمە، چۈنكى، سىرتقى دۈشمەننىڭ شېرىكلىرى ئىچىڭدىكى يەرلىك ئاھالىدۇر.

سەئدى: «بوستان»دىن

قەيەردە بىر زالىم بولسا ئۇنىڭغا رەھىم قىلما، چۈنكى، زالىمغا رەھىم قىلىش، خەلققە زۇلۇم قىلىش دېمەكتۇر.

سەئدى: «بوستان»دىن

ئوغرى ـ قاراقچىلارغا رەھىم قىلغان ئۆز قولى بىلەن كارۋاننى ئۇرغان بولىدۇ.

سەئدى: «بوستان»دىن

زالىمنىڭ كاللىسىنى ئال، زالىمغا زۇلۇم بىلەن تاقابىل تۇرۇپ ئەدىپىنى بېرىش ئادالەتنىڭ نەق ئۆزىدۇر.

سەئدى: «بوستان»دىن



www.uyghurkitap.com

مەملىكەتنى ئىدارە قىلىشقا مەسئۇل قىلغان كىشىڭ يامان قانۇن چىقارسا ۋە ئوتتۇرىغا قويسا، ئۇنىڭ مەقسىتى بۇ دۇنيادا سېنى نابۇت قىلىش، ئاخىرەتتىمۇ سېنى ئوتقا تاشلاشتۇر. شۇڭا ئۇنى ئەقىللىق دەپ ئىش بېشىغا قويما، ئەمەلىيەتتە ئۇ بەختسىز-نىڭ بىرىدۇر.

سەئدى: «بوستان»دىن

سۇلتانىنىڭ ھۇزۇرىدىكى ئۇلۇغلار قاتتىق قورقۇنچ ئىچىدە بولىدۇ.

سەئدى: «بوستان»دىن

پەسكەش ھۆكۈمدارلار مەملىكەتنى ئىدارە قىلىشتا دۆلەتنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش كېرەك، دەپ خەلققە سېلىق سالىدۇ.

سەئدى: «بوستان»دىن

خوجايىن قۇلىنى نازلاندۇرۇپ، يۈزسىزلىك قىلدۇرسا، قۇلمۇ خوجايىنلىق دەۋاسى قىلغىلى تۇرىدۇ.
قۇل خىزمەت ئۈچۈن ئېلىنىدۇ. قۇل نازىنىن بولسا، خوجا-يىنغا مۇشت ئاتىدۇ.



سەئدى: «بوستان»دىن

زالىم دەستىدە ئەل قەلبىدىن كۆتۈرۈلگەن داد - پىغان خۇدا-غىمۇ يېتىدۇ.

سەئدى: «بوستان»دىن

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

ئەگەر شاھلار بىراۋغا مەنسەپ بەرسە، ئاڭا دۈشمەن چىقمىغىنى بىردەملىك.

سەئدى: «بوستان»دىن

قۇدرەتلىك، بىلىملىك شاھ ھېچقاچان تۆھمەت بىلەن ئىغۋا- دىن غەم يېمەيدۇ. دۇنيادىن خام پىكىرلىك بولۇپ ئۆتسە، پادىشاھ- لىق تاجى ھارام بولىدۇ.

سەئدى: «بوستان»دىن

ھەربىي قوشۇن شاھىدىن شاد بولمىسا، مەملىكەتتە تىنچ ـ ئامانلىق بولماس.

سەئدى: «بوستان»دىن

ئۆز خەلقىگە دەل ـ دەرەخ ئۆستۈرگەندەك پەرۋىش قىلساڭ، ئۇلار تۈرلۈك ـ تۈمەن مېۋە بېرىدۇ.

سەئدى: «بوستان»دىن

پۇقرالارغا زۇلۇم سالماي ئۆتكەننىڭ كۆڭلى پۈتۈن، كۆنى را- ھەتتە بولىدۇ.

سەئدى: «بوستان»دىن

ئاق ـ قارىنى، چوڭ ـ كىچىكنى بىلمەكلىك، ئۇلۇغلارغا ئىنتايىن مۇھىم شەرتتۇر.

سەئدى: «بوستان»دىن

ئەگەر شاھ ئەقىل - پەمدە يىلقىچىدىن كەم بولسا، تاجۇ تەختكە خەۋپ يېتەر.

سەئدى: «بوستان»دىن

جاپاكەشلەر دادىغا كۆڭۈل بۆلسەڭ، ھاۋالاردا ئويناپ ئۇچۇپ يۈرسەن.

سەئدى: «بوستان»دىن

دەۋرىڭدە ئەل زالىمدىن زۇلۇم كۆرسە، بۇ زۇلۇمنىڭ گۇناھى ساڭا بولىدۇ.

سەئدى: «بوستان»دىن

خەلق ئازابتىن زەھەر ئىچىپ ئۆلسە، تامىقىڭدىن شېكەر - شەربەت ئۆتەمدۇ؟

سەئدى: «بوستان»دىن

ئەگەر ئېلى زەخمەت چەكسە ۋە ئاچ بولسا، شاھ ئۇچۇن زىبۇ- زىننەت ياراشمايدۇ.

سەئدى: «بوستان»دىن



كىمدە كىم ئۆز ئېلىنى ئاپەتتىن ساقلاپ قالسا، ئاپىرىن ئېيتىش كېرەك.

سەئدى: «بوستان»دىن

ئەل غېمىنى يېگەن مەردۇ مەردانلەر، جاپا ئىزدەپ راھەتتىن ۋاز كېچىدۇ.

سەئدى: «بوستان»دىن

ئىرادە ۋە ساداقەتتە شاھلىق قىل، لاپ ئېتىشتىن ھايان تىلىڭنى ساقلا.

سەئدى: «بوستان»دىن

زۇلۇم ـ زۇلمەت نەدە ھەددىدىن ئاشسا، بىرەر لەۋمۇ كۈلكىدە ئېچىلمايدۇ.

سەئدى: «بوستان»دىن

چۇمۇلىلەر بىرلىشىپ تۇتۇش قىلسا، يولۋاس شىرمۇ مۇخالىپ كېلەلمەيدۇ. خەلقنى زۇلۇم بىلەن قاقشاتمىغىن، ئاقىۋەتتە ھېچ غالىب بولالمايسەن.

سەئدى: «بوستان»دىن

زۇلۇم بىلەن ئالتۇن ـ كۈمۈش يىغقاندىن، خەزىنىسىز ئەھۋالىڭ ياخشىراقتۇر.

سەئدى: «بوستان»دىن

سەن خەلقنى بىكاردىن ـ بىكار ئەزمە، ئەسلىدىن شاھ پادىچى، خەلق قويدۇر.

سەئدى: «بوستان»دىن

ئەگەر شاھ ئەسكىرىنىڭ قورسىقى توق، خۇشال بولسا، ئۇرۇشلاردا زەپەر تاپار، ئەگەر ۋاپا بىلەن ئىنتىزام يوق بولسا، ھەربىرى ئۇرۇشلاردا جان تىكمەيدۇ.

سەئدى: «بوستان»دىن

ئۆز غېمىدە پايپاسلاپ قانلىق جەڭلەردە كۈچ بەرمىگەن بەگلەرنى مەرد دېمەيمىز.

سەئدى: «بوستان»دىن

ئەگەر شاھلار ئويۇن ـ كۈلكىدە بولسا، سەلتەنىتى ئۆز ئىلكىدە بولالمايدۇ.

سەئدى: «بوستان»دىن

ئون كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئالالىساڭ، يۈز ھۇجۇمدىن كۆرە مۆتىۋەر بولار.

سەئدى: «بوستان»دىن

ئەسىرلىكنى بىلمەيدىغان كىشىلەر، ئەسىرلەرگە قورقىماي زۇلۇم ئەيلەيدۇ، مۇبادا ئەسىرلىكنى ياخشى بىلسە، تۇتقۇنغا خەيرىيەتلىك تىلەيدۇ.

سەئدى: «بوستان»دىن

ئۆز شاھىغا قارشى چىققان بەگلەرنى ئىشقا قويما، ئۆز شاھىنىڭ ئىززىتىنى بىلمىگەن سېنىمۇ ھەم ھەرگىز ئامان قويمايدۇ.

سەئدى: «بوستان»دىن

بىرەر دۆلەتنى ئۇرۇش بىلەن ئالساڭ، ئۆزلىرىگە تاپشۇر.

سەئدى: «بوستان»دىن

ئەگەر مەھكۇملار قان ئىچمەكچى بولسا، ئاۋۋال زوراۋانغا قول سالار.

سەئدى: «بوستان»دىن

بىر يۇرتنى دۈشمىنىڭدىن تارتىۋالساڭ، خەلقنى ئۇنىڭدىن بەكرەك پاراۋان قىل، ئەگەر قايتىدىن ئۇرۇش بولۇپ قالسا، سەن تەرەپتە بولۇپ ياۋدىن جان ئالار.

سەئدى: «بوستان»دىن

شەھەر خەلقىگە جەبىر ـ زۇلۇم سالساڭ، ياۋغا ئىشىك ياپقىنىڭ بىكار كېتەر، دۈشمەن يالغۇز تاشقىرىدا بولمايدۇ.

سەئدى: «بوستان»دىن

مەغرۇر بولۇپ يوقسۇللارنى خار تۇتسا، پادىشاھنىڭ گۇناھى ئارتۇق بولۇر.

سەئدى: «بوستان»دىن

يوقسۇللارنى قوللاش مۆتىۋەرلىك بولۇر.

سەئدى: «بوستان»دىن

ئىچى سۇغا تولغان كۈپ بولساڭ، لېكىن نۇر چاچقۇچى شام چىراغ بولالمايسەن.

سەئدى: «بوستان»دىن

كۈچلۈكلەرنىڭ جاپاسىنى تارتمىغان، ھامان ئاجىزلارغا ئو-

سالىدىق قىلار.

سەئدى: «بوستان»دىن

ئەگەر جاھاننى قايىل قىلاي دېسەڭ، خالايىققا شەپقەت قىل، ئۇرۇش قىلما.

سەئدى: «بوستان»دىن

ئەگەر ئىشىڭ شەپقەت بىلەن ھەل بولسا، ھەرگىز كىشىنى يامانلىققا تارتما.

سەئدى: «بوستان»دىن

كۆڭلۈڭنىڭ رەنجىشىنى ئىستىمىسەڭ، ئاۋۋال رەنجىگەنلەر ئىشىنى ئوڭلا.

سەئدى: «بوستان»دىن

تامچە سۇ دېڭىزغا قوشۇلغاندىلا مەڭگۈ قۇرۇمايدۇ، ئادەم ئۆ-زىنى كوللېكتىپنىڭ ئىشى بىلەن بىرلەشتۈرگەندىلا ئاندىن كۈچ - قۇدرەت تاپالايدۇ.

لېي فېڭ



قۇم چېچىلىپ تۇرىدىغان نەرسە، بىراق ئۇ سېمونت، شېغىل ۋە سۇ بىلەن ئارىلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن گرانىت تاشتىنمۇ قېتىپ كېتىدۇ.

ۋاڭ جيې

ئادەم ھەرقانچە «ئالغا باسقان» بىلەن ئەتراپىدىكى كىشىلەرنى ئۆزىگە ئوخشاش ئالغا باستۇرالمىسا، ئۇ ئادەمنىڭ جەمئىيەتكە

قوشقان تۆھپىسى تولىمۇ چەكلىك بولىدۇ، ھەتتا نۆلگە تەڭ بولىدۇ؛ ھەقىقىي ئالغا باسقان ئادەم ئۆزىنىڭ «ئالغا باسقان» لىقى بىلەن قانائەتلىنىپ قالماي، كۆپچىلىكنى، ھېچ بولمىغاندا ئەتراپىدىكى كىشىلەرنى بىللە ئالغا باستۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىشى لازىم.

زۇ تاۋفېن

جەمئىيەت بىلەن سېلىشتۇرغاندا، شەخس بەدەندىكى ھۈجەيرىگە ئوخشايدۇ، ئادەم ساغلام بولۇش ئۈچۈن، شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئۇنىڭ ھەممە ھۈجەيرىسى ساغلام بولۇشى لازىم.

ۋېن يىدو

بىر تال گۈل بىلەن باھار بولمايدۇ، بىرلا ئادەم ئىلغار بولسا ھامان يالغۇزلۇق قىلىپ قالىدۇ، نۇرغۇن كىشىلەر ئىلغار بولغاندىلا تاغ ـ دەريالارنى زىلزىلىگە كەلتۈرگىلى بولىدۇ.

لېي فېڭ

تەبىئەتتە نامايان بولىدىغان ئەقىل ـ پاراسەت ھەقىقەتەن خىلمۇخىل بولىدۇ. ئۇنى چۈشىنىش ئۈچۈن، كۆپچىلىكنىڭ بىلىمىنى ۋە تىرىشچانلىقىنى بىرلەشتۈرۈشىمىز كېرەك.

لاپلاس

خەلق تۈپراقتۇر، ئۇنىڭدا بارلىق شەيئىلەرنىڭ تەرەققىياتىغا زۆرۈر بولغان ھاياتلىق سۈيى بار، شەخس بولسا شۇ تۈپراقتىكى چېچەك ۋە مېۋىدۇر.

بېلىنسكىي

تالانت ئورمانلاردا ۋە دالىلاردا ئۆزى ئۈنۈپ قالىدىغان ياۋا ئوت ـ چۆپ ئەمەس، ئۇ تالانت ئىگىسىنى ئۆستۈرگەن خەلق ئىچىدە

بارلىققا كېلىدۇ ۋە ئۆسۈپ يېتىلىدۇ. دېمەك، خەلق بولمىسا تا-
لانتمۇ بولمايدۇ.

لۇشۈن

نۇرغۇن مەسىلىلەردە مېنىڭ كۆز قارىشىم ئەجدادلارنىڭكى-
دىن كۆپ پەرقلىنىدۇ، لېكىن مېنىڭ بىلىمىم شۇلارغا مەنسۇپ،
شۇنداقلا مۇشۇ پەن ئۇچۇن ھەممىدىن بۇرۇن يول ئاچقان كىشى-
لەرگە مەنسۇپ.

كوپېرنىك

خىزمىتىمدە ياردەمگە قانچە موھتاج بولغانسېرى، ۋاقتىمنى
مۇشۇ پەننى ياراتقان كىشىلەرگە شۇنچە سەرپ قىلىمەن. مەن ئۆز
كەشپىياتىمنى ئۇلارنىڭ كەشپىياتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ بىر
گەۋدىگە ئايلاندۇرۇشنى خالايمەن.

كوپېرنىك

ئەگەر مەن يىراقنى كۆرەلىدى دېيىلىدىغان بولسام، گىگانت
ئادەمنىڭ مۈرىسىدە تۇرغانلىقىم ئۇچۇنلا شۇنداق قىلالىدىم.

نيۇتون

ئەگەر ھۆرمەتكە لايىق كۆزەتكۈچىلەرنىڭ جاپا - مۇشەققەتكە
چىداپ تىرىشىپ توپلىغان مول ماتېرىياللىرى بولمىغان بولسا،
ئەسىرىمنى يازالمىغان بولاتتىم. يازغان تەقدىردىمۇ ئەسىرىم كى-
شىلەر قەلبىدە تەسىر قالدۇرالمىغان بولاتتى. شۆھرەت، شان - شەرەپ
ئاساسلىقى شۇلارغا مەنسۇپ دەپ ھېسابلايمەن.

دارۋىن

ئالىملار ئۆزىنىڭلا ئىدىيىسىگە تايانماي، نەچچە مىڭلىغان

Sكىشلەرنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنى ئومۇملاشتۇرغان بولىدۇ، نۇرغۇن ئادەم بىرلا مەسىلە ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزىدۇ ھەمدە ئۇلارنىڭ ھەر بىرى بىر كىشىلىك ئىشلەيدۇ، ئۇلارنىڭ ئىشى سپلىنمۇاتقان ئۇلۇغ بىلىم بىناسىغا خىش قويغانلىق بولىدۇ.

روسىپر فۇرد

خەلق تۆپراقتۇر، ئۇنىڭدا بارلىق شەيئىلەر تەرەققىياتىغا زۆرۈر بولغان ھاياتلىق سۇيى بار، شەخس بولسا شۇ تۆپراقتىكى چپچەك ۋە مپۋىدۇر.

بپلىنسكي

كىمكى كوللېكتىپتىن ئايرىلىدىكەن، ئۇنىڭ تەقدىرى ئپچىنىشلىق بولىدۇ.

ئوستروۋسكي

بىرلىككە كەلگەنلەر قۇدرەت تاپىدۇ، تالاشقانلار ئاسانلا قۇل بولىدۇ.

ئىزوپ

مەڭگۈ ۋەتەن تۇپرىقىدا ياشاي دېسەڭ، كوللېكتىپ بىلەن بىللە بول، سېنى كوللېكتىپىنىڭ تەربىيىلىگەنلىكىنى ئېسىڭدە چىڭ ساقلا. كوللېكتىپتىن ئايرىلىدىكەنسەن، ھالاكەتكە يۈز تۇتقىنىڭ شۇ.

ئوستروۋسكي

ئادەم ئەتراپىنى خانىۋەيرانچىلىق قاپلاپ تۇرغان چېغىدا ئۆز ئىشىغىلا كۆڭۈل بۆلىدۇ، ئۇنىڭ پۈتكۈل خۇشاللىقى ئائىلىسىدە، تار، شەخسىي مەنپەئەت رامكىسى ئىچىدە بولىدۇ. بۇنداق چاغدا شەخسىي تۇرمۇشتىكى بەختسىزلىك (كېسەللىك، ئىشسىزلىق ۋە

باشقىلار) ئادەمنى ۋەيران قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئادەم ياشاشقا ئا-
مالسىز قالىدۇ، ئۇ خۇددى شامغا ئوخشاش ئۆچۈپ قالىدۇ.

ئوستروۋسكىي

كاپىتالىزم كىشىلەرنى قەستەن زىتلاشتۇرۇپ قويىدۇ، ئەم-
گەكچىلەرنىڭ ئىتتىپاقلىشىشىدىن قورقىدۇ. ئەمما، پارتىيىمىز
كىشىلەردە يولداشلارچە چوڭقۇر مېھىر - مۇھەببەت ۋە دوستلۇق
يېتىشتۈرىدۇ. ئادەمنىڭ غايەت زور مەنىۋى كۈچى ئۆزىنى دوستانە
كوللېكتىپ ئىچىدە تۇرۇۋاتىمەن دەپ ھېس قىلىشىدا.

ئوستروۋسكىي

كىمكى ئۆزىنى ئەۋلىيا، كۆمۈلۈپ قالغان تالانت ئىگىسى دەپ
ھېسابلىسا، كىمكى كوللېكتىپتىن ئايرىلسا، ئۇنىڭ تەقدىرى ئې-
چىنىشلىق بولىدۇ. كوللېكتىپ ھەرقاچان سېنى ئۆستۈرىدۇ ۋە
مەزمۇت تۇرغۇزىدۇ.

ئوستروۋسكىي

ئورتاق خىزمەت، ئورتاق كۈرەش كىشىدە ھەممىگە بەرداشلىق
بېرەلەيدىغان كۈچ - قۇۋۋەت پەيدا قىلىدۇ.



ئوستروۋسكىي

كوللېكتىپنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزدە تۇتمايدىغان ھەرقانداق
ھەرىكەت ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش ھەرىكىتىدۇر، ئۇ جەمئىيەتكىمۇ،
شەخسكىمۇ زىيانلىق.

ماكارېنكو

مەن كالىغا ئوخشايمەن، يەيدىغىنىم چۆپ بولسىمۇ، سۈت ۋە قان بېرىمەن.

لۇشۇن

ئاز ئىلىپ كۆپ بېرىش قارىغاينىڭ خىسلىتىدۇر.

تاۋ جۇ

كىشىنىڭ ياردىمىنى مەڭگۈ ئۇنتۇما؛ باشقىلارغا بەرگەن ياردىمىڭنى ئەستە ساقلىما.

خۇا لوگېڭ

مەن بىلەيگىمۇ يەتمەيمەن، بىلەي ئۆزى ھېچنېمىنى كېسەلمىسىمۇ، پىچاقنى ئىتتىكلىتەلەيدۇ.

خوراتىئۇس

بىز باشقىلارنىڭ كەشپىياتلىرىدىن ناھايىتى كۆپ مەنپەئەت ئالدۇق، بىزمۇ پۇرسەت تېپىپ بىرەر كەشپىياتىمىزنى باشقىلار ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز ھەمدە بۇنداق ئىشنى ئۆزىمىز ئاڭلىق ۋە مەردلىك بىلەن قىلىشىمىز كېرەك.

فرانكلىن

ئادەم كەسىر سانغا، ئۇنىڭ ئەمەلىي قابىلىيىتى سۈرەتكە، ئۆزىگە بېرىدىغان باھاسى مەخرەجگە ئوخشايدۇ. مەخرەج قانچە چوڭ بولسا، سۈرەتنىڭ قىممىتى شۇنچە كىچىك بولىدۇ.

لېۋ تولستوي

ئادەم ئەلنىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشكەن چېغىدا، ئۆزىنى ئەلنىڭ مۈلكى دەپ قارىشى لازىم.

جېففېرسون

شۇنى ئېسىڭىزدە ساقلىغىنىكى، باشقىلارغا خۇشاللىق بىلەن كۆپ بەر، باشقىلاردىن ئاز ئال.

گوركىي

ئۆگىنىش، چېنىقىش كېرەك، مۇتەپەككۇر بولۇپ كەتتىم دەپ ئۇچرىغان نەرسىنىمۇ كۆرمەسكە سېلىش يارىمايدۇ. ھەركىم ئۆز كۈچىنى لايىقىدا مۆلچەرلەشنى ئۆگىنىۋېلىشى لازىم.

گوركىي

شەخسىيەتچى ئادەمنىڭ كەلگۈسى قاراڭغۇ بولىدۇ. ئۇنىڭ ئالدىدا مەنپەئەتپەرەسلىك ۋە پېشانىسىگە پۈتۈلگەن ھەسرەتلا بولىدۇ. لېكىن، ئادەم ئۆزى ئۈچۈن ياشاشنىڭ ئورنىغا ئۆزىنى جەمئىيەتكە قوشۇۋەتسە، ئۇنى ئۆلتۈرۈش تەسكە توختايدۇ ...ئەتراپىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى، پۈتكۈل دۆلەتنى، پۈتكۈل ھاياتنى يوقاتقاندىلا، ئاندىن ئۇنى يوقاتقىلى بولىدۇ.

ئوستروۋسكىي

ئەركىنلىكنى پۇلغا سېتىۋالغىلى بولمايدۇ، لېكىن سېتىۋەتكىلى بولىدۇ.

لۇشۈن

www.uyghurkitap.com

ئەركىنلىك قانۇندا رۇخسەت قىلىنغان ھەرقانداق ئىشنى قىلىش ھوقۇقىدۇر.

مونتېسكيۇ

چېكىدىن ئاشقان ئەركىنلىككە، قىلچىمۇ چېكى يوق ئەر-كىنلىككە ھەددىدىن زىيادە مەپتۇن بولۇپ كەتمەسلىك كېرەك، چۈنكى ئۇنىڭ زىيىنى ۋە خەۋپى ھەقىقەتەن كۆپ.

كرېلوف

چەكسىز ئەركىنلىكتىن بەھرىمەن بولۇش خەتەرلىك ۋە زى-يانلىق. ئىنتىزام بولمىسا، تىنچ يۇرۇش كۆز قارىشى بولمايدۇ، بويسۇنۇشمۇ بولمايدۇ، شۇنداقلا سالامەتلىكنى ئاسراش ۋە خەۋپ - خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش چارىسىمۇ بولمايدۇ.

گېرتسېن

سەنئەتكارلارنىڭ ئەركىنلىكىنى ئۆز مەيلىچە ئىش قىلىش دەپ ھېسابلاش خاتا. بۇنداق ئەركىنلىك باشباشتاقلارنىڭ ئەركىن-لىكىدۇر.

ستانىسلاۋسكىي



كۆڭۈل ئېلىش ئۇچۇن پاراسەت ئىشلىتىش كېرەك.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ

پۇقرالارغا (نىسبەتەن) ناھايىتى سەۋرچان بولسا، ھەممە ئىشتا راھەت تاپىدۇ.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ

كىمكى سېخىينىڭ سۈرىتىنى كۆرەي دېسە، تەشنالىق بىلەن خاقاننىڭ يۈزىگە باقسۇن.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ

خەلقنى باشقۇرۇشقا ئەقىل ھەم جاسارەت كېرەك.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ

جاھاننى (قولدا) تۇتماق ئۈچۈن كىشى ناھايىتى ئىدراكلىق بولۇش كېرەك. خەلقنى باشقۇرۇش ئۈچۈن كىشى بىلىم بىلىشى كېرەك. بۇ ئىككىسىنى بىرلەشتۈرگەن كىشى كامالەتكە يېتىدۇ، كامىل ئەر دۇنيا (نېئمەتلىرىنىڭ) ھەممىسىگە ئىگە بولىدۇ.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ

ئەگەر خەلققە ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزىدىكەنسەن، بارلىق سۆز ـ ھەرىكىتىڭ بىلەن ياخشىلىق قىل.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ

دۇنيا بەگلىرىنىڭ قايسىسىنىڭ بىلىمى بولسا، ياخشى قانۇن تۈزگۈزدى، ئوبدان كىشىلەردىن (بولدى).

يۇسۇپ خاس ھاجىپ

ئېسىل كىشىلەر ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: بىرى بەگ، بىرى دانا، (بۇلار) ئىنسانلارنىڭ باشلامچىسىدۇر.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ

www.uyghurkitap.com

ناھايىتى كۆپ پەزىلەت، ئەقىل، بىلىم كېرەككى، جاھان سورىغۇچى ئاندىن (جاھانغا) قول سۇنسۇن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

جەسۇر كىشى چىگىش تۈگۈنلەرنى يېشىدۇ. جاھان سوراش ئۈچۈن مىڭ (تۈرلۈك) پەزىلەت كېرەك. قۇلاننى بېسىش ئۈچۈن ئارسلان كېرەك.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

جاھان سورىغۇچىغا مىڭ (تۈمەن) پەزىلەت كېرەككى، ئۇنىڭ بىلەن ئەل ـ يۇرتنى سورايدۇ ۋە تۈماننى سۈزۈلدۈرىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بەگلەر ئەل ئىشىنى بىلىم بىلەن يۈرگۈزىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

كىشى ئېغىر ـ بېسىق، سالماق مىجەزلىك بولۇشى كېرەك، بەگ ۋەزمەن بولسا كۆڭلى يورۇق بولىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

كىشىنى ياخشى تاللاش ئۈچۈن ئىدراكلىق بولۇش كېرەك.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

«بەگلىك» دېگەن سۆز ۋە (بەگلىك) ئىشى — بۈيۈك ئىش، قارىساڭ باش ئاغرىقى كۆپ، ئىشمۇ نۇرغۇن، كۆپ ئىشلارنى ئۇڭلا-

يدىغان ئىدراكلىق ئادەم ئاز تېپىلىدۇ. ئەر ئۇچۇن يـاردەمـچى (ۋە) يۆلەنچۈك (بولالىغۇدەك)، ئەقىل ـ ئىدراكلىق، دانىشمەن ئەل باش-قۇرغۇچىلار كېرەك.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ

ياردەمچىلەر كۆپ بولسا بەگ جاپا چەكمەيدۇ، ئۇنىڭ ئىشى ئوبدان يۈرۈشىدۇ، قانۇن بۇزۇلمايدۇ.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ

بىلگىنكى، ھەر قانداق ئىشتا ياردەمچى كېرەك، بولۇپمۇ بەگنىڭ ئىشىغا تېخىمۇ كۆپ بولۇشى كېرەك.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ

بەگلىك ئىشىغا ئېھتىيات زۆرۈر.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ

ئەي قىزىل يۈزلۈك (ئىنسان)، ئىش ـ ھەرىكىتى ئادىل بولسا، بەگلىك ئۇلۇغ ھەم ناھايىتى ياخشى نەرسىدۇر.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ



خەلق ئىشىنى كىشىلىك بىلەن باشقۇرسا، بۇنداق ياخشى كىشى نەقەدەر ياخشى بەگ بولغان بولاتتى!بەگ ياخشى بولۇپ، ئادالەت بىلەن ئىش كۆرسە، خەلق ئۇچۇن نەقەدەر قۇتلۇق زامان بولىدۇ ـ ھە!كىمنىڭ دۆلىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدىكەن، (ئۇ) خەلققە ياخشى قانۇنلارنى يۈرگۈزۈشى كېرەك.كىمكى خەلققە ھاكىمىيەت يۈر-

گۈزسە، قىلىقى كۆركەم، مىجەزى تەمكىن بولۇشى لازىم.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ساخا ئۇلۇغلۇق نېسىپ بولۇپ، بەگلىككە ئېرىشسەڭ، بېشىڭ ئاقارغۇچە ئۆزۈڭنى كىچىك تۇت.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بەگلەر كىشىگە خۇشخۇي چىراي ئاچسا، (ئۇ كىشى) ئېتىبارغا ئىگە بولىدۇ، سۆزى ئۆتىدۇ.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بەگلەر كىمنى ئۆزىگە يېقىن تۇتسا، (ئۇنىڭغا) ھەممە نەرسە يېقىنلىق قىلىدۇ.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بەگ بەخت دېمەكتۇر، بەختكە كىشى يېقىن بولسا، ئارزۇسىغا ئېرىشىدۇ، بارلىق ئىشى ئوڭۇشلۇق بولىدۇ.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بەگلەر ھەرقانداق بىر خىزمەتچى — قۇلىنى خىزمەتكە سىناپ كۆرۈپ، ئاندىن يولىدا غەمخورلۇق قىلسا بولىدۇ. خىزمەتتە پىشۇرۇش، سىناش ۋە بايقاش كېرەك، قەدىر ـ قىممەتنى بىلسە، ئاندىن يۇقىرى كۆتۈرۈش لازىم.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بەگكە يېقىن بولسا، ئۆزىنى قاتتىق كۆزەتكۈلۈك.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بەگلەر بىلەن ئوتتۇركى بۇ ئوتقا يېقىن بارما، ئەگەر يېقىن بارساڭ جەزمەن كۆيىسەن. بىخۇد بولما، بەگلەر كۆيۈۋاتقان ئوتتۇر، كۆيۈۋاتقان ئوتقا يېقىنلاشساڭ، بۇ ساڭا جۇت بولىدۇ. سەپسالساڭ، بەگلەر كۆيەر ئوت ھېسابلىنىدۇ. كەمسىتسەڭ بېشىڭنى ئۈزۈپ، قېنىڭنى شورايدۇ. ساڭا ئارتۇقچە نەزەر ئاغدۇرسا، ئۇنىڭدىن قورق-قىن، ئەگەر قورقمىساڭ كۈچ بىلەن قورقۇتىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

كىشى ئۈچۈن دۆلەت ئۈركۈگەك كېيىكتەكتۇر. ئەگەر ئۇ كەلسە چىڭ تۇت، چۈشەپ تىزگىنلە، تۇتۇشنى بىلسەڭ دۆلەت تې-زىپ كېتەلمەيدۇ، تۇرىدۇ. ئەگەر تېزىپ كەتسە، ساڭا يەنە تېز نۆۋەت كەلمەيدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

غەزەپلەنگەن چاغدا بەگلەرگە يېقىن بارما. غەزەپلەنگەن چاغدا بەگلەر ئوت ۋە زەھەر بولىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ



بەگلەر غەزىپى كېلىپ قەھرلەنگەن بولسا، ئۇنىڭدىن يىراق تۇر، زىيىنى تېگىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

قەھرى كەلگەن چاغدا بەگلەرگە يېقىن بارما، يېقىن بارىدى-

كەنسەن، قەدىرسىز بولۇشۇڭ ئېنىق.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

قارا، بەگلەر (گويا) ئارسلانغا ئوخشىشىدۇ، قەھرى كەلسە باش كېسىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بەگ ئەلگە قانۇن يۈرگۈزسە ۋە ئادىل بولسا، ئىستىگەن ئار- زۇ ـ تىلەكلىرىگە ئېرىشەلەيدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بېگى ياخشى بولسا، بارچە خەلق تەرتىپلىك، قىلىقلىرى ياخشى، خۇي ـ پەيلى گۈزەل بولىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بەگلەر ياخشى كىشىنى ئۆزىگە يېقىن تۇتسا، يامانلارمۇ ياخ- شى ئىش قىلىدىغان بولىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

يامانلار بەگلەرگە يېقىن بولسا، ئەلدە يامانلارنىڭ قولى ئۇزىراپ كېتىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئەگەر خەلقنىڭ باشچىسى ياخشى بولسا، ئۇنىڭ بارلىق خىزمەتچىلىرى ياخشى بولىدۇ. ئەگەر بەگلەرنىڭ ئۆزلىرى ياخشى

بولسا، پۈتۈن خەلقى بېيىيدۇ، دۇنيا تۈزۈلىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

خەلق قويغا ئوخشىشىدۇ، بەگ ئۇنىڭ قويچىسى، قوي باققۇچى قويغا مېھرىبان بولۇشى كېرەك.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بەگلەر غەزەپلەنسە، بەگلىكنى بۇزىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ھەر ئىككى دۇنيادا بەگلىكنى تەلەپ قىلساڭ، ياخشىسى بۇ بەش ئىشقا يېقىنلاشما: ھارامغا ئارىلاشما ۋە زوراۋانلىق قىلما، كىشى قېنىنى تۆكمە، دۈشمەنلىك قىلما ۋە قىساس ئالما، مەي ئىچمە، پىتنە ـ پاساتتىن قېچىپ، يىراق تۇر، بۇ بىرقانچە نەرسە داۋاملىق بەگلىكنى بۇزۇپ كېلىۋاتىدۇ. سەن داۋاملىق مەڭگۈ بەگ بولۇشنى خالىساڭ، قانۇن تۇرغۇز، خەلق ئۈستىدىن زۇلۇمنى كۆتۈر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بۇ بەگلىكنىڭ ئۇزاق بولۇشىنى ئىستىسەڭ، قىلالىساڭ، بىرقانچە ئىشنى قىل، بىرقانچە ئىشنى قوي: بىرىنچى، ئادىل ئىش قىل، (بۇنىڭغا) تىرىش، زۇلۇم ـ زورلۇق قىلما، خۇداغا سېغىن، ئۇنىڭ ئىشىكىنى قۇچاقلا. ئىككىنچى، بىخۇد بولما، ئېھتىياتچان ھوشيار تۇر. ساڭا تاسادىپەن بىر پالاكەت تەگمىسۇن. بۇ ئىككى ۋاقىتتا ھەرقانداق ئىشنى قىلما: ھەۋەس ۋە غەزىپىڭ كەلگەندە سەۋر

قىلىپ، چىشىڭنى چىشلە. بۇ بىرقانچە نەرسىدىن ساقلانساڭ ئەل (ئامان) ساقلىنىدۇ، بەگلىكىڭ ئۇزاق تۇرىدۇ، (بۇ) ساڭا سەلتەنەت بېرىدۇ. بارلىق ياخشى كىشىلەرنى قەدىرلە، يۇكسەلدۇر، يامانلارنى (يېنىڭدا) تۇتما، ئېلىڭدىن قوغلا. يامان نىزام يۇرگۇزمە، ياخشى قانۇن يۇرگۇز، كۇنۇڭ ياخشى بولىدۇ، بەخت كەمىرى يار بولىدۇ.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ

ئۇلۇغ بەگلەر خىزمەتكار قۇلىنى قەدىرلەيدۇ.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ

ئەي بەگلەرنىڭ شادلىقىنى تىلىگۇچى كىشى، ھەممە ئىشنى بەگلەرنىڭ خاھىشى بويىچە قىل. بېگى ماقۇل كۆرمىگەن ئىشنى قىلغان قۇل ئەگەر پالاكەتكە ئۇچرىسا، ئۆزىگىلا تاپا قىلسۇن. ئەگەر ئۇ بەگلەرنىڭ خاھىشىسىز خىزمەت قىلسا، خىزمەت قىلغان پۇتۇن ھاياتى زايە بولىدۇ. بەگلەر قول سېلىپ كىمنى تەربىيىلىسە، (ئۇ بەگكە) يېقىنلىشىدۇ، بەگدىن كېيىن باشلىق بولىدۇ.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ

بەگلەر كىمنى ئۆزىگە يېقىن تۇتسا، ئۇنىڭ تىلىكى، ئېھتىياجى يېقىنلىشىدۇ.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ

بەگلەر بىرسىگە كۇلۇپ باقىدىكەن، باشقا كىشىلەرمۇ ئۇ-نىڭغا يۇزلىنىپ ئەتراپىغا توپلىنىدۇ.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ

بەگلەر قۇللىرىنى كۆزىتىپ بېرىشى لازىم، قۇلنىڭ تېگى - تەكتىنى سىناپ خىزمەتكە سېلىش كېرەك. (ئەگەر) قۇلى بەگكە يارامىلىق بولۇپ كۆرۈنسە، ئاندىن ئۇنىڭغا قەدىر - قىممەت يولىنى ئېچىش كېرەك. ئىشى دېگەندەك بولسا، خىزمەتچى يۈكسىلىدۇ، خىزمەتچى يۈكسەلسە، بەگنىڭ نامى ئۇلۇغ بولىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئەي بەگ، ئىشىڭنى ئىش بىلىدىغانغا بەر، يارامىلىق، توغرا، دۇرۇس يۈرگۈچىگە بەر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

قايسى بەگ يارامسىزغا ئىش تۇتقۇزسا، بۇ يارىماسلىقنى باش- قىسى ئەمەس، ئۆزى قىلغان بولىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

(ئەگەر) بەگلىك ئەقىل - پاراسەتلىك بىر كىشىگە تەگسە، ئەل راھەت - پاراغەتكە يېتىشىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ



ئادىل - توغرا بەگكە ئەل بولغان خەلق بەختلىكتۇر، خەلقى بەختلىك بولغان بەگمۇ سائادەتلىكتۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بەگلەر كۆلۈپ قاراپ، كىمگە ئېتىبار بەرسە، ئۇ تىلىگەن

ئارزۇلىرىنىڭ ھەممىسى ھەل بولىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

كىشىنىڭ كۆڭلى باغ، ئۇنى ياشارتقۇچى سۇ — بەگلەرنىڭ سۆزى بىلەن ياخشى نەسىھىتىدۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بەگنىڭ يارلىقى ۋە ياخشى سۆزلىرى بولسا، قۇلنىڭ كۆڭلى ئۆسۈپ، چىرايى ئېچىلىدۇ. ئەگەر يارلىقى ۋە ياخشى سۆزى بولمىسا، بىلگىنكى ياشارغان چېچەكلەرمۇ تېزلا قۇرۇيدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بەگ خىزمەتكارى بىلەن قەددىنى رۇسلايدۇ، بەگنىڭ خالىغىنىدەك خىزمەت قىلسا، بېگىنى خاتىرجەم قىلىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بەگلەرنىڭ ئۆزى بىلىم ئوردىسىدۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بەگ شۇنداق بولۇشى كېرەككى (ئەلنى توغرا يولغا) باشلىسا، (تېگىشلىك) ئىشنى ئادا قىلىپ، نام ـ شۆھرەت قازانسا؛ ئېلى تۇزەلسە، خەلقى بېيىسا، ئۇ (دۇنيادىن) ئۆتەر ۋاقتىدىمۇ ياخشى نام قالدۇرسا؛ كۈمۈش ۋە مال ـ دۇنيادىن خەزىنە توپلىسا، ياۋ بويىنىنى ئەگدۈرۈپ، نىزانى تۈگەتسە؛ قوشۇن توپلىسا، (ھاكىمىيىتى) قۇدرەتلىك بولسا، توغرا قانۇن يۈرگۈزسە، بىلىمنى يېتىلدۈرسە؛

دۇنيادا شۆھرەت قازىنىپ، نامى يېيىلسا، كۆندىن ـ كۈنگە يۈكسەلىپ، بەخت ـ دۆلىتى ئاشسا، راھەت ـ پاراغەتتە شادلىنىپ، ئەلنى ئۇزاق (يىل) باشقۇرسا، بارلىق جانلار ئالەمدىن ئۆتسىمۇ، ئۇ جاھان سورىسا.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بارچە بەگلىك ئىشىنى بەگلەر بىلىدۇ، قانۇن ـ نىزام، ئۆرپ ـ ئادەت ئۇلاردىن كېلىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بەگلىك ئىشى بەگلەرگىلا خاس ئىشتۇر، بەگلەرنىڭ ئىشىنى بەگ بولغۇچى كىشى بىلىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بەگلىك ئۈچۈن ھەممىدىن ئاۋۋال تېگى ئېسىل كىشى كېرەك.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ



بەگ باتۇر، قورقماس، جەسۇر ۋە قاتتىق قول بولۇشى كېرەك.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

«بەگ» دېگەن نام «بىلىگ» سۆزى بىلەن باغلىقتۇر، «بىلىگ» دىن «لام» نى ئېلىۋەتسە، «بەگ» نامى قالىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بەگ ناھايىتى پاراسەتلىك، بىلىملىك، ئەقىللىق بولۇشى كېرەك.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

خەلقنى باشلاش ئۈچۈن بەگ سەرخىل، قەھرىمان بولۇشى كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا بۈيۈك ئىشنى ئىشلەشكە يارايدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بەگلەر خەلقنى بىلىم بىلەن ئىگىلەيدۇ، بىلىم بولسا، ئەقىل ئىشقا يارىمايدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بەگلەر (ئىشلىرىدا) يېڭىلسا، بۇ بەگلىك كېسەل (بولغان) بولىدۇ، ئۇنى داۋالاش كېرەك. بەگلىكنىڭ كېسەلگە ئەقىل ۋە بىلىم داۋادۇر، ئۇنى ئەقىل ـ پاراسەت بىلەن داۋالا.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بىلىملىك، ئەقىللىق، دانا ھۆكۈمدار (نىڭ) ھەر ئىككى دۇنيادا ئورنى ياخشى بولىدۇ، ئىككىلا دۇنيالىقىغا ئېرىشەلىگەن كىشى ناھايىتى قۇتلۇق، سائادەتمەن كىشى ھېسابلىنىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

قىلمىشى، خۇلقى مۇلايىم، قىلىقى توغرا بولسا، ئۇ بەگنىڭ كۆڭلىرى شادلىق ئىچىدە ئۆتىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بەگدە ياخشى خۇلق ۋە مىڭ خىل ھۈنەر ـ پەزىلەت بولغاندىلا، ئاندىن ئەل ـ يۇرتنى باشقۇرۇپ، تۇمانىنى تارقىتالايدۇ.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بەگ ـــ ساپ دىل، مىجەزى ئالىيجاناب بولۇشى كېرەك، ئۇ-رۇقى تازا بولغانلار دائىم پاكلىقنى خالايدۇ.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ساپ دىل ـ تەقۋادار كىشىنىڭ كۆڭلى قورققاق بولىدۇ، كۆ-ڭۈل قورقسا، بەگلەر ئىشنى توغرا قىلىدۇ.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئەگەر بەگ ساپ دىل، تەقۋادار، سەممىي بولمىسا، بارچە قىلمىشلىرى ناپاك، (ئىشلىرى) چالا بولىدۇ.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ

سەۋرچانلىق، تەمكىنلىك بەگ ئۈچۈن زىننەتتۇر، بۇ بەگلىك ئىشىنىڭ تىزگىنى (ۋە) يۈگىنى بولىدۇ.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ



بەگ ئىشنى ئوڭلاش ئۈچۈن ناھايىتى ئەقىللىق بولۇشى كې-رەك، يەنە ئىشنى نېمىدىن باشلاشنى بىلىشى كېرەك.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ

(بەگ) كۆزى توق، ھايالىق، دۇرۇس بولۇشى، سۆزى ۋە ھەرد-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

كىتىدە ئوچۇق ـ يوروق بولۇشى لازىم.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بەگ ھايالىق، ئىپسىل كىشى بولۇشى كېرەك، ھايالىق (كىشىنىڭ ئىشلىرى بۇزۇلمايدۇ)، مۇكەممەل بولىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

(بەگنىڭ) سۆزى چىن، (دىلى) توغرا بولسۇنكى، بۇنىڭ بىلەن خەلققە پايدا كەلتۈرىدۇ، كۆڭلى تۇغىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئەگەر بەگلەرنىڭ كۆڭلىدە خىيانەت بولسا، خەلققە پايدىسى تەگمەس.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

(بەگنىڭ) كۆڭلى، تىلى ۋە قىلىقلىرى چىن ـ ئىشەنچلىك بولمىسا، ئۇ ئەلدىن (بەخت) قاچىدۇ، (ئۇ يەردە) بەختكە ئورۇن بولمايدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

52

سۆزىدە تۇرمايدىغان بەگكە ئۇمىد باغلىما، ئۆمرۈڭ زايە كېتىدۇ ۋە ئۆكۈنىسەن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بەگ ناھايىتى ھوشيار ۋە سەگەك بولۇشى كېرەك، بەگ بىخۇد

بولسا پالاكەت باسىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

قايسى بەگ ھوشيار بولسا، ئېلىنى مۇستەھكەملىيەلەيدۇ، دۈشمەننى بويۇن ئەگدۈرۈپ، ئۇنى يوّگەنلىيەلەيدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

قايسى بەگ ئەلدە توغرا قانۇن يولغا قويسا، ئېلىنى روناق تاپ-تۇرىدۇ ۋە يورۇق كۈنگە يەتكۈزىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئەي ئەل باشقۇرغۇچى بەگ، ئەلنىڭ ئامانلىقىنى تىلىسەڭ، ئېلىڭنىڭ ھەممە تەرىپىنى ھوشيارلىق بىلەن كۆزەتكىن. ھوش-يارلىق بىلەن بەگنىڭ ئېلى كۈچىيىدۇ. بىخۇدلۇق بەگلىكنىڭ ئۇلىنى بۇزىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئىككى نەرسە بىلەن ئەل باشقۇرغۇچى بەگلىكنى بۇزىدۇ، ئەگرى يولغا كىرىپ توغرىلىقتىن ئازىدۇ. بىرى زۇلۇم، يەنە بىرى بىخۇدلۇق قىلىش.



يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بەگلەر كۆڭلىنى دۇرۇس تۇتۇپ قانۇننى يولغا قويسا، بۇ بەگلىك بۇزۇلمايدۇ، ئۇزاق مۇددەت ئۆرە تۇرىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ



www.uyghurkitap.com

ھەممىدىن يامىنى بەگلەرنىڭ يالغانچى دەپ ئاتىلىپ قېلىشىدۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بەگ يۈرەكلىك ھەمدە قورقماس، باتۇر بولسۇن، يۈرەك بىلەن دۈشمەنگە تېتىغلىق بولىدۇ. يۈرەكلىك كىشى يۈرەكسىزلەرگە باشلىق بولسا، ئاندىن ھەممە كىشى يۈرەكلىك بولىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئارسلان ئىتلارغا باش بولسا، بارچە ئىتلار ئارسلاندەك بولىدۇ، ئەگەر ئارسلانغا ئىت باشچىلىق قىلسا، بارچە ئارسلانلار ئىت سىدىياقىغا كىرىپ قالىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بەگ ئۈچۈن سېخىيلىق ۋە كەمتەرلىك كېرەك، كەمتەرلىك بىلەن مىجەزى مۇلايىم (بولىدۇ).

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بەگلەر سېخىي بولسا، نامى مەشھۇر بولىدۇ، نام ـ شۆھرىتى بىلەن دۇنيانى ئىگىلەيدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بەگ بۇ بەش نەرسىدىن يىراق بولسۇن، (نەتىجىدە) بەگ نامى ياخشى بولۇپ، شۆھرىتىمۇ يېيىلىدۇ: بىرسى ئالدىراڭغۇلۇق،

بىرسى بېخىللىق، ئۈچىنچىسى قەھرلىنىش — سەۋرلىك بول، ئۆزۈڭنى تۇت. تۆتىنچىسى جاھىللىق بەگ ئۈچۈن يامان ئادەتتۇر. بەشىنچىسى ئەلۋەتتە يالغانچىلىق ياراشمايدۇ.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئېسىل بىر بەگ بولاي دېسەڭ، پەزىلىتىڭمۇ ئېسىل بولسۇن. نامدا بەگ بولۇپ، قىلىقى ئاۋامدەك بولسا، ئۇ خەلق ئارىسىدا ئاۋام-دىنمۇ پەس بولىدۇ.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بەگ مەي ئىچمەسلىكى، پىتنە ـ پاسات قىلماسلىقى كېرەك. بۇ ئىككى قىلىقتىن ئاقىۋەت بەخت قاچىدۇ.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ

دۇنيا بەگلىرى شاراب تەمىگە بېرىلىپ كەتسە، ئەل ۋە خەلق-نىڭ دەرد ـ ئازابى (تېخىمۇ) ئاچچىق بولىدۇ.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ

دۇنيا سورىغۇچى (بەگ) ئويۇنغا بېرىلسە، ئېلىنى بۇزىدۇ (ۋە) ئۆزى موھتاجلىققا چۈشىدۇ. بەگلىك ئىشىنى ۋاقتىدا بېجىرمىسە، قۇش سېلىپ قوغلىسىمۇ ئۇنىڭغا يېتىشەلمەيدۇ. بەگ ئىچەرمەن، جېدەلچى، تەرسا بولسا، پۈتۈن خەلقىمۇ تامامەن ئىچەرمەن بولىدۇ.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئاۋامنىڭ نالايىق ئىشلىرىنى بەگلەر تۈزەيدۇ. بەگلەرنىڭ قا-

ئەمدە ـ يوسۇنى قانداق بولسا، خەلقمۇ بۇ يوسۇننى كۆرۈپ شۇنداق قىلىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بەگلەر قانداق يولغا ماڭسا، شۇ يول قۇلنىڭمۇ ماڭغان يولى بولىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بەگ ياخشى، ئىش ـ ھەرىكىتى ئادىل بولسا، (ئۇنىڭ) قۇلى تېخىمۇ ياخشى ئىش ـ ھەرىكەت قىلىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

مەغرۇرلۇق، تەكەببۇرلۇق بەگكە لايىق ئەمەس. مەغرۇرلۇق (كىشىنى) توغرا يولدىن ئازدۇرىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بەگلەر ئۆزىنى ئۇلۇغ كۆرسىتىپ چوڭچىلىق قىلسا، شۇبھىسىزكى (ئۇ) خارلىق كۆرىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ



خەلقنى باشلىغۇچى بەگ ئۇچۇن تىرىشچانلىق كېرەك، تىرىشچانلىق بىلەن بىللە مەردلىكمۇ كېرەك. بۇنداق تىرىشچانلىق ۋە مەردلىك بىلەن داڭق چىقارسا، تىلىكىگە يېتىدۇ ۋە ئۇلجىسى ئالدىدا بولىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

كىمنىڭ تىرىشچانلىقى بولمىسا، ئۇ ئۆلۈكتۇر. ھەر ئىككى دۇنيادا ئۆز ئۇلۇشىگە ئېرىشەلمەيدۇ. تىرىشچانلىق بىلەن بىللە سىياسەتمۇ كېرەك، سىياسەتكە بەگ يېتەكچىلىك قىلىش كېرەك.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئەلنىڭ تىرىكى، ئۇلى (ۋە) مۇستەھكەملىكى، ئاساسى نېگىز —يىلتىزى ئىككى نەرسىدۇر: بىرسى خەلقنىڭ ئۇلۇشى بولغان قانۇن، (يەنە) بىرسى ئەسكەر ـ خىزمەتچىلەرگە كۈمۈش تارقىتىش. قانۇن بىلەن خەلقى خۇشال ياشىسا، كۈمۈشنى كۆرۈپ ئەسكەر ـ خىزمەتچىلەرنىڭ چىرايى ئېچىلىدۇ. بۇ ئىككى قاتلام بەگدىن سۆيۈنسە، ئېلى، ئوردىسى تۈزۈلىدۇ، بەگ ھالاۋەتكە ئېرىشىدۇ.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ

قايسىبىر بەگ خەلققە قانۇن يۈرگۈزمىسە، خەلقنى قوغدىمىسا، تالان ـ تاراج قىلسا، (ئۇ) خەلقنى ئوتقا تىققانلىق، ئېلىنى بۇزغانلىق بولىدۇ. بەگلىكنىڭ ئۇلىمۇ شۈبھىسىز يىقىلىدۇ.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ



قايسىبىر بەگ ئەسكەر ـ خىزمەتچىلىرىنى سۆيۈندۇرمىسە، شۇنىڭ بىلەن قىلىچلار قىنىدىن چىقمايدۇ.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

خەلقنى باشلىماق — بۈيۈك (ۋە) ئېغىر ئىشتۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بەگلىك مىسالى قىلىچ ئاستىدىكى باشتۇركى، كۈندە ئۈنىڭغا مىڭلارچە خەتەر كېلىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بەگ —بىلىملىك، ئىدراكلىق، توغرا بولۇشى؛ يۈرەكلىك ۋە ئەقىللىق بولۇپ، شۆھرىتىنى يۈكسەلدۈرۈشى كېرەك. سېخىي ھەم دۈرۈس، ھايالىق ۋە سىلىق، كۆيۈمچان بولۇپ، ئېلىنى پۈختا قوغدىشى لازىم. كۆزى توق، سەۋرچان ۋە كەمتەر، شەپقەتلىك، ئەپۈچان ۋە مۆلايىم (بولۇشى) كېرەك. پۈتۈن پەزىلەتلەردە ھەر كىمدىن ئۈستۈن تۇرۇشى، خەلققە ياخشى قانۇن يۈرگۈزۈشى كېرەك. قايسىبىر ئەلنىڭ مۇشۇنداق بېگى بولسا، ئۇ ئەل خەلقى نىجات تاپىدۇ، دەردتىن خالاس بولىدۇ، ئەلدە بەخت قۇياشى تۇغىدۇ، ئاسايىشلىق بولىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بەگكە ۋەزىر كېرەك بولىدۇ. ۋەزىرى ياخشى بولسا، بەگ خاتىرجەم ئۇخلايدۇ.



يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ۋەزىر —بەگلەرنىڭ يۈكىنى كۆتۈرگۈچىدۇر، ۋەزىر بەگلىكنىڭ ئاساسىنى مۇستەھكەملىگۈچىدۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ۋەزىر ئەقىللىق ۋە بىلىملىك بولۇشى، زېرەك ھەم مۇلايىم بولۇشى كېرەك.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بەگدىن قالسا، ئەلنىڭ ئۇچۇن سۆز ۋە ھەرىكىتى بىلەن ئەلگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان (كىشى) ۋەزىردۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ناپاك كىشى ۋەزىرلىككە يارىمايدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ۋەزىر ھايالىق ھەم كۆزى توق، ئىشەنچلىك بولۇشى كېرەك.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

چاچ ـ ساقىلى ياسالغان ۋەزىر ھەيۋەتلىك بولىدۇ، ۋەزىر ھەيۋەتلىك بولسا، ئىشى ئوبدان يۈرۈشىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

(ۋەزىر) ھېساب بىلىدىغان، ئالىم، زېرەك بولۇشى كېرەك، بىلىم بىلەن تۈرلۈك خەت ـ يېزىقلارنى بىلىشى كېرەك.



يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ۋەزىرنىڭ ھەممە ئىشى ھېساب بىلەن بولىدۇ، ھېساب بىلـ مىسە، خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشى ئورۇندالمايدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ۋەزىرلىككە ناھايىتى ئىشەنچلىك ئەر كېرەك، (ئۇ) ئۇقۇمۇشلۇق، بىلىملىك، بەكمۇ ئەقىللىق بولۇشى لازىم. دىلى بىلەن تىلى بىر، ئىش ـ ھەرىكىتى دۇرۇس، ھايالىق، ساپ دىل، خەلق ئىچىدىكى توغرىلار بولۇشى كېرەك. كۆزى توق، سەگەك، ھوشيار، ئىش بىلىدىغان، يارامىلىق ۋە يارامسىز كىشىلەرنى ئايرىيدىغان، خىزمەتكە بېرىلگەن، سادىق (ۋە يامانلىقتىن) ئەيمىنىدىغان، ئامانەتكە (خىيانەت قىلمايدىغان) دىلى پاك بولۇشى كېرەك. بۇ پەزىلەت ۋە بىلىملەر كىمدە تولۇق بولسا، ۋەزىرلىكنى ئۇنىڭغا بەرسەڭ بولىدۇ. مۇشۇنداق كىشى بەگكە ۋەزىر بولسا، بېگى ھەم خەلقى تەڭلا خاتىرجەملىك تاپىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

يارامسىز، يامان كىشىلەر ئەلگە ۋەزىر بولسا، ئۇ ئەلنىڭ خەلقى ـ بايلىرىمۇ، كەمبەغەللىرىمۇ بىردەك خاراب بولىدۇ.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بەگلەر (ئۆزى) يامان بولمىسا، يامانلارنى ئۆزىگە يېقىن يولاتمايدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ۋەزىر بەگكە دائىم كېڭەشچى بولىدۇ. كېڭەشچى كىشىلەر ھەر ئىشنى دەڭسەپ قىلىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بەگلەر ياخشى كىشىنى يېقىن تۇتسا، ياخشى نام قالىدۇ، خەلق ئىشىمۇ ياخشى بولىدۇ. ئەگەر بەگ يامان كىشىنى ئۆزىگە يېقىن تۇتسا، (ئۆزىنىڭ) نامىمۇ، خەلق ئىشىمۇ يامان بولىدۇ.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بەگ خىللانغان كىشى بولسا، ئىككى خىزمەتكارىمۇ خەلقنىڭ سەرخىلى بولسا، شۇندىلا بۇلاردىن ئەلگە پايدا تېگىدۇ.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ

قىلىچ بىلەن ئەلنى تېز ئالغىلى بولىدۇ، قەلەم بولمىسا، ئۇنى قولدا تۇتۇپ تۇرغىلى بولمايدۇ. ھەرقانداق بىر ئەل قىلىچ ۋە كۈچ بىلەن ئېلىنىسىمۇ، ئۇنى زورلۇق بىلەن ئۇزاق يىل سورىغىلى بولمايدۇ. قايسىبىر شەھەر ـ كەنت قەلەم بىلەن باشقۇرۇلسا، ئۇ يەردە ھەر كىم تىلىگەن ئۇلۇشىنى تاپىدۇ.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ھاجىپلىق قىلساڭمۇ، يا بەگلىك قىلساڭمۇ، ھال ئېيتقۇچى چوڭ ـ كىچىكلەرنى (قوبۇل) قىلىشىڭ كېرەك.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ



بەگلەرنىڭ شۆھرىتىنى ئىككى نەرسە، يەنى ئىشىكىدە تۇرغى، تۆرىدە داستىخىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئەگەر بەگلەر پالاكەتكە، پېشكەللىككە ئۇچرايدۇ دېيىلسە،

ئوۋدا، قۇش سىلىشتا، سەپەر ئۈستىدە ئۇچرايدۇ.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ

قايسى بەگ ئاچ كۆز بولسا، ئۇ گاداي ـ كەمبەغەلدۇر. قايسى قۇلنىڭ كۆزى توق بولسا، ئۇ بەگدۇر، كۆڭلى بايدۇر.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بەگلەرنىڭ ئىشىغا پايدىسى تېگىدىغان كىشى ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ: بىرى بىلىملىك ۋە ئىدراكلىق دانالار، يەنە بىرى سۆزلىگەننى (يازغۇچى) پۈتۈكچى، ئۈچىنچىسى جەسۇر، مەرد ۋە يۈرەكلىك يىگىتلەركى، دۈشمەنگە ۋە بۆرىگە بۇنداق باتۇرلار لازىم بولىدۇ.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بەگ بىلىم بىلەن ئەلنى باشلاپ قانۇن يۈرگۈزىدۇ، بارلىق ئىشلارنى ئىدراك بىلەن ئىشلەيدۇ.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ

قىلىچ قان تامدۇرسا، بەگ ئەل ئالىدۇ؛ قەلەمدىن سىياھ تامسا، ئالتۇن كېلىدۇ.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ

خەلقنى باشلىغۇچى كىشىنىڭ مىڭلاپ دۈشمىنى بولىدۇ. كىمنىڭ دۈشمىنى بولسا، (ئۇنىڭغا) تۇزاق قۇرۇلغاندۇر.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ

(ئاشپەز) ئىشەنچلىك، چىن ـ ھەققانىي بولمىسا، يېمەك ـ ئىچمەكتە بەگلەرنىڭ ئىشى خەتەرلىك بولىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

خىزمەتكارلىرى ئارقىلىق بەگنىڭ قولى ئۇزۇن بولىدۇ، خىزمەتكارلىرى بىلەن قۇدرەتلىك (بولۇپ)، ئېلىنى تۈزەيدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بەگ قانچىكى بۈيۈك، ئەسلىي ئۇلۇغ بولغان بولسا، ئۇنىڭ نامى (پەقەت) خىزمەتكارلىرى (بىلەنلا) بۈيۈك بولغان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئەي بەگ، كىشى ھايۋاندىن تۆۋەن ئەمەس، بۇنىڭ پەرقىگە يەتسە، ھەر ئىش ئۆز ئۆلچىمىدە بولىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

قايسى بەگ (ئەتراپىغا) جەسۇر جەڭچىلەر توپلانسا، بۇ بەگ دۇنياغا ساھىبقىران بولىدۇ.



يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئەسكەر ـ خىزمەتچى بولسا، بەگلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى كەم بولمايدۇ؛ ئەسكەر ـ خىزمەتچى بولمىسا، بەگ ئەلگە ئۇزاق ھۆكۈم-رانلىق قىلالمايدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

www.uyghurkitap.com

ئەسكەر ـ خىزمەتچىلەر بەگدىن مەمنۇن بولغاندىلا، بەگ قايىسى ئەلنى خالىسا، ئۇنى قولغا كىرگۈزەلەيدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بەگ خەسسىلىك بىلەن ئەلگە ھاكىملىق قىلالمايدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بەگ ئۆزى قانچىلىك غەيرەت قىلمىسۇن، قۇلىنىڭ ياردىمى بولمىسا، ئىشى ئۇزاققا بارمايدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بەگ ئىچكىرىنى كۆزىتىدۇ، سىرتتىكى كۆزى سادىق قۇلىدۇر، ئۇ (بەگنىڭ) سۆزى ھەم كۆزىدۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بەگلەر سادىق بىر قۇلنى ئىزدەپ تاپسا، ئۇنى ئالتۇن ـ كۈمۈشكە ئوراپ تۇتۇش كېرەك.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئەلدە پايدىلىق، زىرەكلىك كۆپ بولسا، بەگنى راھەتكە يەتكۈزىدۇ، (ئىشنى) ئۇلار ھەل قىلىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بەگنىڭ يارلىقى ئاۋامنىڭ دىلىنى يورۇتىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بەگنىڭ سۆزى چىگىش كۆڭۈللەرنى ئاچىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بەگلەر قۇللىرىغا ئىللىق سۆزلىسە، قۇللار ئۇنى ئۆمۈر بويى ئۇنتۇمايدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئەگەر بەگنىڭ تىلى يۇمشاق، شېرىن بولسا، ئۇنى ئۇلۇغ - كىچىك ھەممە خەلق ياخشى كۆرىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بېگى خەلققە ئىشەنچلىك، ياخشى بولسا ئۇنىڭ پايدىسىدىن بارچە خەلق بەخت تاپىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئادالەتلىك، توغرا بەگ — ئېنىق سائادەتتۇر، سائادىتى ئارقىلىق ھەممىگە (ئۆز) ئۇلۇشىنى بېرەلەيدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئەلنى راۋاج تاپتۇرۇش بەگلەرنىڭ ئىشىدۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئەگەر سەن خەلققە ئۇلۇغ (بىر) بەگ بولساڭ، دىلىڭ ۋە تىلىڭنى كىچىك تۇت.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئەلىگ —ئەل بېگى، خەلقنىڭ ئۇلۇغىدۇر، ئۇنى كۆپ ھۆر-مەت قىلىش ۋە قەدىرلەش كېرەك. ئادىل يول تۇتۇپ، سۆزىنى توغرا قىلسا، ئەلدە يامانلارنىڭ ئىزىنى يوقىتالايدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئەگەر (بەگ) سۆزىدىن يېنىۋالىدىغان بولسا، ئۇلۇغلۇقـا ۋە ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولالمايدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئەي دۇنيا ھۆكۈمرانى، قىلىقلىرىڭنى ياخشى قىل، بەخت كېلىدىغان، يەنە كېتىدىغان (نەرسە). تىرىشىپ ئۆزۈڭگە ياخشى نام قالدۇر، بەخت ساڭا ۋاپا قىلمايدۇ، سېنى تاشلاپ كېتىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بەگلىكنىڭ ئۇلىنى مۇستەھكەملەشنى خالىساڭ، قانۇن چىقار، ئادالەت يولىنى تۇت.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئەي دۇنيا بېگى، بۇ دۇنيا بىر زىنداندۇر، زىندان ئىچىدە غەم - قايغۇدىن باشقا ھېچنەرسە بولمايدۇ. زىنداندا ئارتۇقچە شادلىق تىلىمە، شادلىق ۋە ئاراملىق جاي پەقەت جەننەتتۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بارلىق بۇلغىنىشلارنى تازىلايمەن دېسەڭ، (ئالدى بىلەن) ئۆ-

زۇڭنى تازىلا، ئاندىن خەلقىڭ تازىلىنىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئەگەر بەگلەر ئىش ـ ھەرىكىتىنى ياخشى تۇتسا، ھەممە ياخ-
شىلىقلىرى بىلەن ئەلگە مىڭ خۇشاللىق بېغىشلايدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئەگەر بەگلەرنىڭ خۇي ـ پەيلى يامان بولسا، يامانلار كۆپەي-
يىدۇ، ياخشىلىقنىڭ ئىزىنى يوقىتىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بەگلىكنىڭ نېگىزى ئېھتىياتچانلىق ـ سەگەكلىكتۇر. بى-
خۇد بولما، بىخۇد بولساڭ بەگلىك كېتىپ (قالىدۇ). بىخۇدلار ھەر
ئىككى دۇنيادا نادامەت چېكىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئەلىگ يامان بولسا دۇنيانى بۇزىدۇ، توسۇپ تۇرغۇچىسى بول-
مىسا يولدىن ئازىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ



ئەي ئەلىگ، ئۈچ خىل كىشىنىڭ ناھايىتى تاللانغىنىنى
ئىزدە، ئاندىن كېيىن بۇ ئۈچ (كىشىگە) ئىشىڭنى تاپشۇر: بۇلارنىڭ
بىرى قازى، ئۇ زېرەك، پاك، تەقۋادار (بولۇشى)، خەلققە پايدىسى تې-
گىشى كېرەك. ئىككىنچىسى خەلپەت، ئۇ ئىشەنچلىك، چىن بو-
لۇشى كېرەك، (شۇنداق بولغاندا) خەلق ھالاۋەتكە ئېرىشىدۇ، بەخت-

لىك ياشايدۇ. ئۇچىنچىسى ۋەزىر، ئۇ بەك تاللانغان بولۇشى كېرەك، خەلققە نېمە كەلسە شۇنىڭدىن كېلىدۇ. بۇ ئۇچ ئىشنى (قىلىدىغان) كىشىلەر توغرا، (ئادىل) بولسا، خەلق ھالاۋەتكە يېتىدۇ، كۆڭلىرى يورۇق بولىدۇ. ئېلىڭ روناق تاپىدۇ ۋە خەلقىڭ بېيىيدۇ، شۇ چاغدا ساڭا ياخشى دۇئا قىلىنىدۇ. بۇ ئۇچ ئىشتىكى كىشىلەر يارامسىز بولسا، پۈتۈن ئەلنىڭ ئىشلىرىمۇ يارامسىز بولىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بەگنى تۈتۈپ يېتەكلىگۈچى ۋەزىردۇر. (بەگنىڭ) ئېلىنى، ئوردىسىنى، نامىنى (مەشھۇر) قىلغۇچىمۇ (ۋەزىردۇر). ئەگەر ۋەزىر چۆلۈۋۈرنى تەتۈرىسىگە يېتەكلىسە، ھەممە ئىش تەتۈر ماڭىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بەگ سائادەت دېمەكتۇر، خەلققە سائادەت (كەلتۈرۈشى) كېرەك. سائادەت كەلتۈرۈش ئۈچۈن، خەلقنىڭ قورسىقىنى تويدۇرۇش كېرەك.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بەگلەر تۈۋى ئۈنچىگە تولغان دېڭىزدۇر، دېڭىزغا يېقىنلاشقانلار بېيىشى كېرەك.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بەگلەر ئالتۇن ـ كۈمۈش كانى (بولغان) تاغدۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

خەزىنە، ئەسكەر ـ خىزمەتچىلەر بەگلەرنىڭ كۈچىدۇر، بۇ

ئىككىسى بىلەن كىشى (دۈشمەندىن) ئۈچىنى ئالالايدۇ. بۇ ئىككى-
سى بىلەن بەگ ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولىدۇ، بۇ ئىككىسى بىرلەشسە،
بەگنىڭ تاج - تەختى ئۇلۇغ بولىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئەگەر سەن دائىم ئۈستۈنلۈك قازانماقچى بولساڭ، ئەسكەر -
خىزمەتچىلەرنى خۇشال قىل، باتۇرلارنى ماختا. (ئاندىن) تىلى-
كىڭنى تىلە، بارچە تىلەكلىرىڭ ئورۇندىلىدۇ، دۈشمەنىنىڭ بوينى
ئېگىلىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بەگلەر بۇلغىنىشلارنى ئەسكەر بىلەن تازىلايدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئەڭ زەئىپ خەلقمۇ باي بولۇۋالسا، باش ئەگمەيدۇ، يامانلارنى
بېيىتما. ئەي قۇدرەتلىك، يامانلار بېيىسا پەيلىنى بۇزىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بىر ئىشنى (بىرلا ۋاقىتتا) ئىككى كىشىگە تاپشۇرما، ئى-
شەنگىنىكى (بىر - بىرىگە دۆڭگىشىپ) ئىش قىلىنماي قالىدۇ.



يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئىشىڭنى ئىش بىلىدىغان كىشىلەرگە تاپشۇر، ئىش قىلىش-
نى بىلمىگەن (كىشى) قىينىلىپ قايغۇغا چۆشىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قايسى ئەلنىڭ بېگى ياخشى (ۋە) توغرا بولسا، شۇ ئەلنىڭ خەلقى بېيىيدۇ، كۆنى تۈغىدۇ، خەلقنىڭ بايلىقى بەگ ئۈچۈنمۇ بايلىقتۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بايلارنىڭ يۈكىنى ئوتتۇرا ھاللارغا يۈكلىمەسلىك كېرەك، (ئۇنداق قىلساڭ) ئوتتۇراھاللار بۇزۇلىدۇ، ھالىدىن كېتىدۇ. كەمبەغەللەرگە ئوتتۇراھاللارنىڭ يۈكىنى ئارتماسلىق كېرەك. (ئۇنداق قىلساڭ) كەمبەغەللەر ئاچتىن ئۆلىدۇ، يىلتىزى ئۈزۈلىدۇ. كەمبەغەللەرنى ئاسرىسا، ئوتتۇراھال بولىدۇ، ئوتتۇراھال ئۆزىنى ئوڭلىۋالسا، بايلىققا ئېرىشىدۇ. كەمبەغەللەر ئوتتۇراھال بولسا، ئوتتۇراھاللا بېيىيدۇ. ئوتتۇرا ھاللار بېيىسا، ئېلىڭ بايلىققا تولىدۇ. ئەل روناق تېپىپ، خەلق راھەتكە ئېرىشىدۇ. شۇ زاماندا سەن دۇئاغا ئىگە بولىسەن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بەگلەر كىمنى يېقىن تۇتسا، كىشىلەر دائىم ئۇنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى سۈرۈشتۈرىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ



ئاۋام پۇقرا (نىڭ ھىمايىسىگە) ئىگە بولسا، بەگلەر يۈكسىلىدۇ، كۆتۈرۈلىدۇ. ئۆزەڭگە (مەھكەم) بولسىلا، (چەۋەنداز) تىزگىنىنى چىڭ تۇتالايدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

خەلقنىڭ شاھلاردا ھەققى بار، شاھنىڭمۇ خەلقتىكى ھەققى راۋادۇر، يەنە يۇقىرالار ئۇنىڭغارىئايە قىلسۇن، شاھمۇ (پۇقرانىڭ) جان ـ تېنىنى ئاسرىسۇن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

تەجرىبىلىك كىشى ئەل ـ يۇرت ئىشىنى بىلىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئادىل پادىشاھنىڭ يۈكسەك مەرتىۋىسى ئۇنىڭ تەرىپ تەۋسىپىدىن بۈيۈكرەكتۇر.

ئەلىشىر نەۋائى

ئەلگە ئامانلىق، خاتىرجەملىك ئادىل پادىشاھ سەۋەبىدىن بولىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

ئادىل پادىشاھ باھار يامغۇرى بىلەن قۇياشتەك گۈللەر ئېچىلدۇرىدۇ. مەملىكەت خەلقىنىڭ ئۈستىگە ئالتۇن، گۆھەرلەرنى چاچىدۇ. كەمبەغەل ـ ئاجىزلار ئۇنىڭ مۇلايىملىقى ۋە مادارا سىدىن ئارام ئالىدۇ. زالىم، تەلۋىلەر بولسا ئۇنىڭ سىياسەت تىغى ۋەھىمىسىدىن ھالسىز، پەرىشان. ئۇنىڭ ھەيۋىتىدىن قويلار بۆرە خەۋپىدىن ئەمىن؛ سىياسىتىدىن مۇساپىرلار قاراقچىلار ۋەھىمىدىن مۇتمەئىن[1]. ئۇنىڭ مېھىر ـ شەپقەت مەرھەمىتىدىن مەكتەپلەردە

① مۇتمەئىن —خاتىرجەم، خۇشال.

باللار خۇشال، ئاجىز، يېتىملار مەغرۇرھالدىدۇر.

ئەلىشىر نەۋائى

ئادىل پادىشاھنىڭ ھەيۋىتىدىن يوللار قاراقچىدىن خالىدۇر، بولغاي ئامان ئەلنىڭ كۆپ مۈلكى ـ مالى. ئۇنىڭ زەبتىدىن زالىملار قەلىمى سۇنۇق، ستەمكار زالىملار ئەلىمى ھەم يوق … ئۇنىڭ قىساس تىغىدىن. ئوغرىلار قولى ئەل مېلىدىن نېرى، ئۇنىڭ ئىنتىقامىدىن باياۋاندا خارابتۇر قاراقچىلار ھالى. تۈننىڭ كۆپىدە سودا ئۈچۈن دۇكانلاردا چىراغ، كىشىلەر دىلى لۇكچەكلەر غېمىدىن يىراق. شەھەردە كوچىلارنىڭ پاسىبانى ئۇ، يېزىلاردا قوي ـ قوزىلارنىڭ چوپانى ئۇ. پۇقرالار ھويلا ـ ئارامى ئۇ بىلەن ئاۋات، ئۇ بىلەن ئەسكەرلەر كۆڭلى بولۇر شاد، موماياللارنىڭ چاق ئۇنى ئۇنىڭ دۇئاسىغا نەغمە ـ ساز، ئۇنىڭ ئالقىشىغا نەغمىدۇر چوكانلار ماموق ساۋىدىغان ئاۋاز.

ئەلىشىر نەۋائى

پېقىرلەرنىڭ ئىشى ئادىل پادىشاھقا دۇئا قىلىش ۋە نازلاش (ئەركىلەش)، ئادىل پادىشاھنىڭ ئادىتى — پېقىرلەرگە سېخىيلىق، مېھرىبانلىق بىلەن ياخشى مۇئامىلە قىلىش. ئاچلار غىزاسى ئۇنىڭ ئېھسان داستىخانىدۇر، يالىڭاچلار كىيىمى مەرھەمەت خەزىنىسىدىندۇر.

ئەلىشىر نەۋائى

ئادىل پادىشاھ گويا مەملىكەت بېغىنى ئاۋات قىلىدىغان يامغۇرلۇق بۇلۇت، مەملىكەت خەلقىنىڭ كۆزىنى روشەنلەشتۈرىدىغان

قۇياشتۇر نۇرلۇق.

ئەلشىر نەۋائى

ئادىل، ئەقىللىق پادىشاھ ئەينەككە ئوخشاش؛ زالىم، نادان ھەم پاسىق پادىشاھ تامامەن ئۇنىڭ ئەكسىدۇر. ئادىل پادىشاھ يورۇق تاڭ بولسا، زالىم ۋە نادان، پاسىق پادىشاھ قاراڭغۇ كېچىدۇر.

ئەلشىر نەۋائى

زالىم، نادان، پاسىق پادىشاھ زۇلۇمنى ياخشى كۆرىدۇ. بۇزۇق-چىلىقنى دوست تۇتىدۇ. ئۇنىڭ زۇلمىدىن ئاۋات جايلار ۋەيران، كەپتەر ئۇۋىلىرى ھۇۋقۇشقا ماكان. ئۇنىڭ ئۆيىگە مەسچىتنىڭ مۇنبىرى قويۇلسىمۇ، بېشىغا مېھراب ئەگمىسى كىيدۈرۈلسىمۇ، دائىم قان تۆكۈش ئاڭا ھۈنەر، جېنى بارلا كىشى ئۇنىڭدىن ئەندىشە قىلىدۇ.

ئەلشىر نەۋائى

زالىم شاھ ئالدىدا بىلىم ئەھلىنىڭ ھەرقانچە جىق توغرا ئىشلىرى كىچىككىنە خاتالىق بىلەن يوققا چىقىرىلىدۇ.

ئەلشىر نەۋائى

زالىم، نادان شاھ ئالدىدا، ئەل ئۈچۈن ئەزىز جېنىنى پىدا قىلغان كىشى بىر ياماقچە كۆرۈنمەس؛ ئۇ قارا قاغىنى ئاق شۇڭقار دېسە، غازنى ياخشى ئالىدۇ دېمىگەن كىشىنىڭ ئىشى تەس.

ئەلشىر نەۋائى

يامان پادىشاھنىڭ ۋەزىرى ئۇنىڭدىن يامان.

ئەلشىر نەۋائى

پادىشاھ يىلاننى ئاسراپ، ئۇنىڭغا ياردەم بەرسە، پادىشاھنىڭ چىۋىن قورىغۇچىلىرى خەلققە ۋابا بولىدۇ.

ئەلشىر نەۋائى

زالىم ۋەزىرلەر مەملىكەتنى ۋەيران قىلغۇچى، ئەل تۇپلىغان بايلىقنى يوقاتقۇچىلاردۇر.

ئەلشىر نەۋائى

بىر باشلىق مەنسىپى بار ۋاقىتتا يامانلىق بىلەن ئاتالغان بولسا، مەنسىپمۇ بۇلغانغان بولىدۇ.

ئەلشىر نەۋائى

ھەممە كىشى پادىشاھتىن ئۈمىد ۋە خەۋپتە بولىدۇ. لۇتىپ بىلەن سىياسەت ئۆز جايىدا يۈرگۈزۈلمىسە يامان ئىشلارنىڭ كې-لىپ چىقىش ئېھتىمالى بار.

ئەلشىر نەۋائى

پادىشاھنىڭ خىزمىتىدە جۈرئەت كۆرسىتىش ئۆز ھاياتىنىڭ يىپىنى ئۈزۈشتۇر. ئۇلاردىن يېقىنلىق تىلەش — ئۆزىنىڭ ئۆل-تۈرۈلۈشىگە خەنجەر تىلەشتۇر.



ئەلشىر نەۋائى

ھۆكۈمالار پادىشاھنى ئوتقا ئوخشىتىدۇ. ئوتقا يېقىن كەلسە ئىسسىنغىلى بولىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ئىچىگە كىرسە كۆيدۈرىدۇ. پا-دىشاھقا يېقىن بولۇش ئاقىللار ئالدىدا نامۇناسىپ، ئۇنىڭدىن ھەزەر

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

قىلىش ۋاجىپ، ئۆتتى ئىسسىنغۇدەك يەردە تۇرغىن، ئەگەر كۆيـ.
دۈرگۈدەك بولسا، يىراققا قاچقىن.

ئەلىشىر نەۋائى

خەلقىنىڭ يۈكىنى كۆتۈرگۈچى، ئەخلاقلىق، ئالىي غايىلىك
پادىشاھلارنى كۆۋرۈككە ئوخشىتىش مۇمكىن. چۈنكى، كۆۋرۈك
يۇقىرى ـ تۆۋەن مەخلۇقاتنىڭ يۈكىنى كۆتۈرىدۇ. ئۇلارنى سۇدىن ۋە
لاي ـ پاتقاقتىن ساق ئۆتكۈزىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

شاھنىڭ سۆيەتلىرىنى تونۇپ يەتسە، ئەبەدىي ھاياتلىققا ئىـ.
رىشكىلى بولىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

بىر پادىشاھنىڭ بېشىغا تاج كىيىپ تۇرۇپ، يەنە بىر پادىـ.
شاھقا ئېھتىياج بىلدۈرمىكى ياخشى ئەمەس.

ئەلىشىر نەۋائى

بىر توپ نادانلارنىڭ سېنى «شاھ» دېگىنى بۇتنى ياكى ئوتنى
ئىلاھ دېگەندەكلا ئىشتۇر.

ئەلىشىر نەۋائى



پادىشاھ تاجىنى بېزەپ تۇرغان قىزىل ياقۇتلار ئۇلارنىڭ كالـ.
لىسىدىكى خام ـ خىياللارنى پىشۇرىدىغان چوغ.

ئەلىشىر نەۋائى

بىر قوۋمنىڭ ئارىسىدا يولباشچى بولمىسا، ئۇ قوۋمنىڭ

ئەھۋالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرمىسا، ئۇ قوۋمنىڭ ھالى پەرىشان بو-لىدۇ. ھەممە ئۆز ئەھۋالىدا خاراب بولىدۇ. ھەرقانداق جامائەتنىڭ پېشۋاسى بولمىسا، ئۇ جامائەتكە يولغا ئاتلىنىش راۋا كەلمەيدۇ.

ئەلىشىر نەۋائىي

ئۆز قوۋمىنىڭ مۇشكۇلاتلىرىدىن خەۋەردار بولمىغان پادىشاھ —خەلققە ۋەيرانچىلىق كەلتۇرىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائىي

شاھلارنىڭ ھۇزۇرىدا ئىززەتنىڭ چېكى بولمايدۇ، ھەر بىر گادايدا شاھ بىلەن ئۇلپەت بولۇش ئىمكانىيىتى بولمايدۇ.

ئەلىشىر نەۋائىي

ساپ بەدەندە ئىپلاس كۆڭۈل بولسا، ئەنە شۇ بەدەنمۇ ئىپلاس بولغاندەك، ئەلنىڭ ئاۋات ياكى خاراب بولۇشى — پادىشاھنىڭ ئادىل ياكى زالىملىقىغا باغلىقتۇر.

ئەلىشىر نەۋائىي

دىيانەتسىز باشلىق يامان، بۇزۇق، كىرەكسىز نەرسىدۇر. ئۇ ناكەس، بىلىمسىزدۇر.

ئەلىشىر نەۋائىي

باشلىق بولغان ئادەم ئىلىم ئەھلىگە يېقىندىن ياردەم قىلـ-سۇن.

ئەلىشىر نەۋائىي

دىيانەتسىز باشلىق بېشىغا چۈچىسى ئۈزۈن سەللە

يۈگىسىمۇ، بەربىر ئۇ ئازاد قىلىنغان قۇلغا ئوخشىشىدۇ. ئېيشەكنىڭ بوينىغا تۇمار ئېسىپ قويسا، كىشىنىڭ ئېگىدىكىدىكى ساقىلىغا ئوخشاشمايدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

ئەي پادىشاھ، ئالتۇن ـ كۈمۈش ۋە بايلىق ئۇچۇن خەلقنىڭ ئەڭ ياخشى ئەزىمەتلىرىنىڭ ئىسسىق قانلىرى ئاقتۇرۇپ، قىممەتلىك ھاياتىنى نابۇت قىلدىڭ، تالاي كىشىلەرنى ۋەيران قىلدىڭ. ئەل سېنىڭ ئاچ كۆزلۈكۈڭ، بايلىققا ھېرىسمەنلىكىڭدىن داد ئېيتىپ، شىكايەت قىلىدۇ. سەن ئۆلگەندىن كېيىن بولسا، قەبرەڭگە نەپرەت ۋە لەنەت تاشلىرىنى ياغدۇرىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

ئەگەر بىر پادىشاھ ئادالەت بىلەن ئىش قىلىدىغان بولسا، دۇنيادا ئۇنىڭغا ھېچقانداق خاقان تەڭ كېلەلمەيدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

ھىممەتسىز پادىشاھتىن ھىممەتلىك يوقسۇل ياخشى.

ئەلىشىر نەۋائى

شاھلارغا يېقىن كىشىنىڭ قورقۇنچىسى كۆپ.

ئەلىشىر نەۋائى

بۇ دۇنيادا مەنسەپ ۋاقىتلىق، ياخشى نام مەڭگۈلۈكتۇر، شۇڭا ھوقۇقۇڭ بار ۋاقتىڭدا ئەلنىڭ دەردىگە دەرمان بول.

ئەلىشىر نەۋائى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەگەر شاھ ئۆزىنىڭ سىياسەت تىغىنى ئۆتكۈر قىلمىسا، خەلق ئوتتۇرىسىدا يۈزلەپ قان تۆككۈچى تىغلار تارتىلىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

ئالەم ئەھلىنىڭ ھۆددىسىنى يەلكىسىگە ئالغاندىن كېيىن، يامان كىشىلەرگە شىددەت قىلىش لازىم بولۇپ قالىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

پادىشاھنىڭ يورۇق كۆڭلى — دۆلەتنىڭ چىرىغىدۇر.

ئەلىشىر نەۋائى

شاھ ھۇزۇر، مەنپەئەت كۆرگەن ئىشتىن بىچارىلەر يۈز قېتىملاپ ئار قىلىشىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

پادىشاھلار غەزەپ قىلىچىنى كۆتۈرگەندە، بىگۇناھ ئادەملەرمۇ چوڭ جىنايەتچىلەر قاتارىدا جازالىنىدۇ. قومۇشلۇقنىڭ ئىچىگە ئوت چۈشۈپ قالسا، ئۇنىڭدىن خەۋەردار بولغۇچى ھۆل ـ قۇرۇق باراۋەر كۆيىدۇ. ئەگەر بىرەر جايىنى زۇلۇمنىڭ سېلى باسسا، ئۇ ئاۋاتلىقنىمۇ، ۋەيرانلىقنىمۇ تەڭ قاپلايدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

ئىشى غەزەپ قىلىش بولغان شاھ ئالدىدا ئەڭ گۇناھكار ھېسابلىنىدىغان كىشى گۇناھسىز بولىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

پادىشاھ بولساڭ، ئاگاھ بول، ئاگاھ بولساڭ پادىشاھ بولىسەن.
ئەلشىر نەۋائى

بىلىم گەرچە كۆزگە بېزەكتەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما شاھلارغا ئالاھىدە بېزەك، كۆرك بولىدۇ.
ئەلشىر نەۋائى

پادىشاھلار خىزمىتىگە كۆڭلى بار كىشى كور، گاس، چولاق، ئاقساق بولۇشى لازىم. تىلىنى شاھنىڭ سىرلىرىنى ئاشكارىلاشتا كېكەچ قىلىشى كېرەك. بۇ بارچە ئىشلاردىن قىيىندۇر.
ئەلشىر نەۋائى

زوراۋانلىق كۈچكە تايىنىدۇ، ئۇ ئىقتىسادىي كۈچ ۋە ھوقۇق كۈچىدىن ئىبارەت. دىنىي ياكى ئىلمىي نوپۇزغا تايىنىپ زومىگەرلىك قىلغۇچىلارمۇ بولىدۇ.
ئا. مۇھەممەتئىمىن: «يىپەك يولىدىكى بىر چوڭ ئەللەت» تىن

مەنسەپ —باشقۇرۇش بويىچە ھوقۇق مېخانىزمى بولۇپ، سىنىپىي جەمئىيەتنىڭ يالدامىسى. كىشىلەر تېخى مەنسەپدارلىقنى رەت قىلىش باسقۇچىغا يەتمىگەچكە، خېلى كۆپ كىشىلەردە مەنسەپدارلىقنى رەت قىلماسلىق روھىيىتى ساقلانغان. بۇ، جەمئىيەتتە ھەممە ئادەمدە بولىدىغان روھىيەت بولمىسىمۇ، ئەمما خېلىلا ئاشكارا ئىپادىلىنىدۇ. بۇ بەزىدە ئاشكارا رىقابەت شەكلىنى، بەزىدە يوشۇرۇن پائالىيەت شەكلىنى ئالىدۇ. سىياسىئونلۇق ھايات ئۇچۇن بۇ نورمال ھادىسە.
ئا. مۇھەممەتئىمىن: «يىپەك يولىدىكى بىر چوڭ ئەللەت» تىن

مەنسەپ — خەلققە مەنپەئەت يەتكۈزۈش بەدىلىگە بېرىلگەن ھوقۇق ۋە ئىشەنچ. مەنسەپپەرەسلىك ئىللىتىدىن خالىي، جۈملىدىن خەلققە جاۋابكارلىق روھىدا ھوقۇق تۇتۇش بىلەن مەنپەئەتپەرەسلىك، شۆھرەتچىلىك، ھوقۇقۋازلىق روھىدا مەنسەپدار بولۇش خاراكتېر جەھەتتىنمۇ، ئاقىۋەتى جەھەتتىنمۇ بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «يېپەك يولىدىكى بىر چوڭ ئىللەت» تىن

مەنسەپ خىيالىدا خۇشامەتچىلىك، چېقىمخورلۇق بىلەن ھەپىلىشىدىغان كىشىلەرنىڭ كىشىلىك قارىشى ۋە بەخت قارىشى ئۆزگىچە بولىسىمۇ، ئۇلار ھەممە ئادەم بىزدەك ئويلايدۇ، دەپ قارايدۇ، ئاڭ ۋە تەپەككۇر ئۇسۇللىرىنىڭ ھەر خىللىقىنى بىلمەيدۇ. ئۇلار خەلقنىڭ پارچىلىنىشى ھەممە ئىشتا ئۆز مەنپەئىتىنى ئويلاشتىن پەيدا بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلمايدۇ. ئۇلار تارىخىي جاۋابكارلىق، تارىخىي ئاقىۋەت ۋە كەلگۈسىشۇناسلىقتىن خەۋەرسىز بولىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «يېپەك يولىدىكى بىر چوڭ ئىللەت» تىن

ھاكىم — سەلتەنەت ئىگىلىرىدۇر. ھاكىملار توغرۇلۇق ئوقۇلغان ھەمدۇسانالار بىلەن ئۆتكۈر مەسخىرىلەر بۇ تائىپىنىڭ شۇبھە تۇمانلىرى ئارىسىدىكى ھالىتىدىن بىر دېرەك. ئادىل پادىشاھ، پەيلاسوپ پادىشاھ، رەئىيەت (خەلق) پەرۋەر پادىشاھ بىلەن زالىم، جاھىل ۋە چىرىك پادىشاھ ھەققىدىكى نەسرىي ـ شېئىرىي تەپسىلاتلار كۆپ قېتىم چايناالدى. ۋەھالەنكى، ھاكىم مەۋجۇدلۇقى

زۆرۈرى بولغان مۇھىتتا، يەنىلا ھاكىم مەۋجۇتتۇر.
ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئەلچى، قەھرىمان ۋە ھاكىم توغرۇلۇق سۆز» دىن

سەلتەنەت ھۆكۈمرانلىق تەختى ۋە ھاكىملىق قورالى بولۇپ، ھاكىم قانداق پەزىل بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئىنسان قەلبىدىن سىرت ۋە ئىنسان بېشىغا ھۆكۈمرانلىق ئۈچۈن تېڭىلغان تۆمۈر دۇبۇلغىدۇر. ئۇ ئۆزىنى ئۆلچەم، ئۇل ۋە تۈۋرۈك دەپ بىلىدىغان، ئەركىن ئىرادە ۋە ئەركىن پىكىرگە ھېسداشلىق قىلمايدىغان، ئىلىم ئەھلىگە شۇبھە بىلەن قاراشتىن خالىي بولالمايدىغان، ئۆز ئىرادىسىنى تۇغ ۋە قانۇن قىلغان قايراق تاشتۇر.
ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئەلچى، قەھرىمان ۋە ھاكىم توغرۇلۇق سۆز» دىن

سەلتەنەت مەنىسىدە، ئىنسانغا ھاكىملىق قىلىشقا بۆلىنىپ، ئىنساننىڭ ماھىيەتلىك كامالىتىنى ئىنسانغا بەخش ئېتىش شۇبھىلىكتۇر. ئۇ ھەقتە «سەلتەنەت تەختىدىن ھەقىقەت ئىزدەش، چۆلدە يوقالغان تۆگىنى پادىشاھلىق ئوردىسىدىن ئىزدىگەنگە ئوخشاش» دېگەن تەمسىل بار. بۇ، ھاكىملىققا خۇشتار كىشىلەرگە تەنبىيە. بىلگىنكى، ئىنساندىن ئۇلۇغ نەرسە يوق. ھاكىمغا يېقىنلاشقاندا، نېچۇندۇر كۆڭلۈڭ غۇۋالىشىدۇ، ھەتتا ھەقىقىي ئىنسانىي قەلبىتىن يىراقلىشىپ، ئۇنىڭ بىرەر قوشۇمچىسى بولۇشقا يۈزلىنىسەن. سەندە ئۇنى «بۈزرۈكۋار»، ئۆزۈڭنى «كىچىك پىداكار» دەيدىغان روھىيەت گەۋدىلىنىدۇ. ئېيتىش كېرەككى، ھەرقانچە ئادىل پادىشاھنىڭ كۆز - قۇلىقى بولۇشتىن كۆرە، ئازاد ئىنساننىڭ

ھامىيسى، دوستى، مۇرەببىي بولغىنىڭ ئەلا.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئەلچى، قەھرىمان ۋە ھاكىم توغرۇلۇق سۆز» دىن

سەلتەنەت ئەھلى مەۋجۇت ئىكەن، ئۇنى ئەقىلگە، ئەدىلگە دەۋەت قىل! ئۇلار بىلسۇنكى، ئادىل پادىشاھقا قوشۇن ئانچە ھاجەت ئەمەس! زالىم پادىشاھقا قوشۇن ئۇنچە كاپالەتمۇ ئەمەس! ھەقىقىي سەلتەنەت ئادەملەر قەلبىدە بەرقارار تاپقان سەلتەنەتتۇر. ئۇنىڭ ھاكىمى ھاكىملىق سۈرىتىدىكى ئىنسان، سەلتەنەت تەختىدىكى ئىنسان ھامىيسى بولمىقى لازىم. «قۇتاتقۇ» — ئىلاھىيەت قوللىغان سەلتەنەت بولۇپ، ئۆزۈمچى ھاكىملىق قىلغان سەلتەنەت مەلئۇن سەلتەنەت ۋە كۆلپەتلىك سەلتەنەتتۇر. سەلتەنەت ئىگىلىرىنى يېتەكلەش ھاكىمىيەتچىلىكتىكى گۇمانىستىك ئىدىيىنىڭ ئىزچىل بىر پرىنسىپى بولۇپ، ئۇ يەنە نىسبىيدۇر!

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئەلچى، قەھرىمان ۋە ھاكىم توغرۇلۇق سۆز» دىن

پادىشاھ بولغۇچى بىر ئاتىغا ئوخشايدۇ، ئاتا ئوغلىنى ياخشى كۆرۈپ، شەپقەت قىلغاندەك، خەلقنى ياخشى كۆرۈپ، شەپقەت قىلىشى لازىم. ئۆزىگە راۋا كۆرمىگەن نەرسىلەرنى ئۇلارغىمۇ راۋا كۆرمەسلىك، مال ۋە جاننى ئۇلاردىن ئايىماسلىق، پۈتۈن كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى ئۇلارنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن سەرپ قىلىشى لازىم. پادىشاھ قانچىكى مېھىر ـ شەپقەتلىك بولسا، ئاللاتائالا پادىشاھقا شۇنچە رەھمەت نەزىرى بىلەن باققۇسى.

موللا مۇھەممەد تۆمۈر قەشقەرى

پادىشاھنىڭ مۇھەببىتى خەلقنىڭ كۆڭلىدە ئورۇن تۇتسا،

خەلق پادىشاھدىن ھېچ نېمىنى ئايىمايدۇ.

مولالا مۇھەممەد تۆمۈر قەشقەرى

ئاقىللار ئەيتىپتۇركى، سورالغان گەپكە جاۋاب بەرمەك لازىم. خەلقنىڭ مۇھىم ئىشلىرىنى ئۆز ئۈستۈڭگە ئالغان ئىكەنسەن، ھاۋالە قىلمىغىن، تاڭلا سوئال ـ سوراق ۋاقتىدا بۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشىڭغا توغرا كېلىدۇ، ئۆزۈڭنىڭ غاپىل، بىخەۋەر ئىكەنلىكىڭنى ئېيتىپ ئۆزرە سورىساڭ ئاقمايدۇ.

مولالا مۇھەممەد تۆمۈر قەشقەرى

ئەگەر بەختكە ئېرىشىش ئۈچۈن ھەممە ئادەم بىر ـ بىرىگە ياردەم قىلىشىدىغان بولسا، پۈتۈن يەر يۈزى پەزىلەتلىك بولۇپ قالىدۇ.

ئەبۇ نەسر فارابى

خەلققە مەنپەئەت يەتكۈزگۈچىلەر پېشانە تەرى بىلەن گۆھەردەك نۇر چاچىدۇ، بۇلۇتلار ئارىسىدىكى چاقماق نۇرىدەك يۈزلىرىدە تەبەسسۇم جىلۋە قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ بەختى ـ ئىقبالى قۇياشتەك زاۋال تېپىپ ئولتۇرۇپ كېتىشتىن خالىي بولىدۇ، بەخت يۇلتۇزى سائادەت ـ بەختىيارلىق ئىلكىدە مەڭگۈ چاقناپ تۇرىدۇ، ئىززەت دۆلىتى زىيادە، ئۇلۇغلۇق شەرىپى مۇئەييەن بولىدۇ، مۇراد ـ مەقسىتىنىڭ كۆزى روشەن بولغاچ، مەقسەت باغچىسىدا ئۇلارغا خەلقنىڭ مېھىر گۈللىرى ئېچىلىدۇ.

ئېمىر ھۈسەيىن سەبۇرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

خەلققە ھەم ئۆزۈڭگە ياخشى خۇسۇسىيەتلەرنىڭ بىلەن پايدا يەتكۈزگىن.

ئەھمەد خوجامنىياز ئوغلى قىسۇرى

خەلققە ياخشىلىق قىلغۇچىلار ئۆزىنىڭ يوقسۇللۇقىدىن باشقىلارغا ساخاۋەت قىلىشنى تاشلىمايدۇ، يوقسۇللۇق ۋە بايلىقنى ئۆزىنىڭ سېخىيلىقىغا توسالغۇ پەردە قىلىۋالمايدۇ.

ئېمىر ھۈسەيىن سەبۇرى

ساڭا بىر كىشىنىڭ ھاجىتى چۈشسە، قۇدرىتىڭنىڭ يېتىشىچە ئۇنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلغىن، كىشىلەر ياخشى كۆرمەيدىغان خۇيدىن يىراق بول، كىشىلەرگە زىيىنى يېتىدىغان ئىشنى قىلىشتىن ساقلان.

مۇھەممەد سىدىق بەرشىدى

كىشىلەرگە مەنپەئەت يەتكۈزگەن ئادەم ئاخىرى مۇرادىغا يېتىدۇ.

مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

كىشى سۆز بىلەن بولسىمۇ ئەلگە مەنپەئەت يەتكۈزەلمىسە، كۆڭلىدە بولسىمۇ ياخشىلىق قىلىش، مەنپەئەت يەتكۈزۈش نىيىتى بولۇشى لازىم.

ئېمىر ھۈسەيىن سەبۇرى

ئۆز مەقسىتىدىن كېچىپ، كىشىلەرنى ھەققەت يولىغا باش-

لىغۇچىلار ھەقىقىي رەھبەر بولالايدۇ.

مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

ھەرۋاقىت ئەل ـ جامائەتكە يار بول، كىشىنىڭ مۆلكىگە كۆز قىرىڭنى سالما، مىننەت ئوتىدا كۆڭلۈڭنى ئازابلاپ جاراھەتلەندۈرمە.

موللا بىلال ئىبنى يۇسۇپ خوتەنى

ئەزىزلىك بايرىقىنى كۆتۈرگۈچىلەر ۋە بۈيۈكلۈك ناغرىسىنى چالغۇچىلار شۇنداق كىشىلەركى، ئۇلار خەلقنىڭ تىنچلىقىنى ۋە ئاسايىشلىقىنى ئويلايدۇ، كېچە ـ كۈندۈز شۇ توغرىدا پىكىرلەيدۇ، ھەممە كىشىنى ئۆز ئاكا ـ ئۇكىلىرىدەك كۆرىدۇ، بىراۋنىڭ دىل شىشىسىنى غەزەپ تېشى بىلەن سۇندۇرمايدۇ، ئاداۋەت ۋە جاپا تىكىنىنى بىچارىلىك سەھراسىدا يۈرگەن يالاڭ ئاياغلار ئايىغى ئاستىغا تاشلىمايدۇ.

بەرخۇردار ئىبن مەھمۇد

— ھەي ئەزىزىم، خەلقىڭگە دائىم ياخشىلىق قىل، قىلغان ياخشىلىقىڭ ئۆزۈڭگە قايتىدۇ. ھېچكىمگە قەستلەپ يامانلىق قىلما، كىمكى يامانلىق قىلسا قىلغان يامانلىقى شۈبھىسىز ئۆزىگە قايتىدۇ.



مۇھەممەد جەبەلرۇدىي

خەلق كىمدىن قورقسا، دېمەك شۇ كىشى ياماندۇر. خەلق بىلەن بىللە خاتا قىلىش يەككە ھالدا خەيرلىك ئىش قىلىشتىن

www.uyghurkitap.com

ياخشى.

سەن خەلققە قانچىلىك ئارىلاشساڭ، خەلقمۇ ساڭا شۇنچىلىك ياندىشىدۇ.

«ئاتىلار سۆزلىرى» دىن

ئەقىل ۋە ھوشيارلىق قەبىلىسىنىڭ سەركەردىسى، روناقلىق ۋە نىجاتلىق مەيخانىسىنىڭ ساپ مېيىدىن ئىچكۈچىسى شۇنداق كىشىكى، ئۇ مېھىر ـ مۇھەببەت ھەسلى بىلەن ئومۇمىي خەلقنىڭ راھەت ئاغزىنى شېرىن قىلىدۇ. فەرد:

ئاسارەت ئەيلىگەي زىرۇ زەبەر تىنچلىق ئاساسىنى،
ۋەلى بىچارىلەر ئاھى زۇلۇمنى قىلغۇسى بەرباد!

بەرخۇردا ئىبن مەھمۇد

كىمكى خەلققە قانداق مۇئامىلىدە بولسا، خەلقمۇ ئۇنىڭ بىلەن شۇنداق مۇئامىلىدە بولىدۇ. نانىسىز ئەل بولماس، پىستەكسىز يېزا.

«ئاتىلار سۆزلىرى» دىن

ياخشى ۋە ئۇزۇن ياشىماق ئۇچۇن خەلقنىڭ دۇئاسى ۋە شادلىقىدىنمۇ ياخشىراق پاسىبان ۋە قورۇقلىغۇچى يوقتۇر. فەرد:

بىچارىلەر نەپرىتىدىن قىل ئېھتىيات،
بىرلەھزىدە بەرباد قىلۇر ئالەمنى!

بەرخۇردار ئىبن مەھمۇد

پىشاي دىسەڭ، سەپەر قىل، سەپەردە بەش پايدا بار: كۆڭۈل ئېچىش، كۈچ توپلاش، بايلىق يىغىش، ئىلىم ۋە ئەدەپ ئۆگىنىش، دانالار زىيارىتىدە بولۇش.

«ئاتىلار سۆزلىرى» دىن

ئەزىزىم، سەپەردە كۆپ تەجرىبىلەر ھاسىل بولىدۇ ۋە ھېسابسىز پايدىلار قولغا كىرىدۇ، دەپ ئاڭلىغانىدىم. مېنىڭدە ئەنە شۇ تەجرىبىلەر ھاسىل بولدى، ئەمدى ھاياتلا بولسام باشقا سەپەر قىلىش توغرىسىدا ئويلىمايمەن. بېيىت:

غېرىبلىقنى ئەمدى قىلماسمەن ھەۋەس،
دوستلار خۇشاللىقى يېتەر، بولدى بەس!

خوجا سەمەندەر تېرمىزى

ئادەمنىڭ ياخشىسى سەپەردە بىلىنۇر.

«ئاتىلار سۆزلىرى» دىن

ئەزىزىم، سەپەردىن كۆپلەپ تەجرىبىلەر ۋە سانسىز پايدىلار ھاسىل بولۇر. كۆرمىدىڭمۇ، ئاسمان دائىم ئايلىنىپ تۇرغانلىقى سەۋەبلىك ھەممە نەرسىدىن يۇقىرى. يەر بىر يەردە تۇرغانلىقى تۇپەيلى ھەرقانداق ناكەس ئايىغى ئاستىدا خار. بېيىت:

ئۆيىدە يۇرىكى غۇسسىگە تولغان—
كىشىگە ھەممىدىن ياخشىسى سەپەر.
سەپەركىم، نەقەدەر ئېغىر بولمىسۇن،

ئۆيدە سىقىلىشتىن ياخشىيۇ بىھتەر .

خوجا سەمەندەر تېرمىزي

ئەزىزىم، غۇربەتچىلىك ئەلىمى سېنىڭ ۋۇجۇدۇڭغا يەتمىگەنلىكى ۋە ئايرىلىش گەرمسەلى باغۇ گۈلشىنىڭنى سوقمىغانلىقىنى سەۋەبلىك بىلمەيسەن: سەپەر شۇنداق دەرەخكى، پىراقتىن ئۆزگە مېۋە بەرمەيدۇ. غېرىبلىق شۇنداق بۇلۇتكى، غەم يامغۇرىدىن باشقا تامچىلارنى تاشلىمايدۇ. يول ئازابى — گۆر ئازابى دېگىنىدەك، ھەقىقەتەنمۇ ئۇ دىلنى ئۆرتىگۈچى بىر ئوتتۇركى، جىگەرنى پارە قىلىدۇ. دېمەك، ئەڭ ياخشى يول شۇكى، كىشىنىڭ ئەزىز دوستلىرى بار تۇرۇقلۇق سەپەرنى ئۇستۇن بىلمىگەي، نەتىجىسى ئاھۇ پىراق يېشىدىن ئىبارەت بولغان يار ـ دىيار ئايرىلىشىنى ئۆز ئىختىيارى بىلەن قوبۇل ئەتمىگەي. مىسالى ئېيتۇرلەر:

ۋەتەننى تەرك ئەتمەك ھەزىل ئىش ئەمەس،
بۇ ئىشقا ھەركىم بەرداش بېرىۋەرمەس.
جۇدالىق دەرەختۇر ياپراقسىز، يالغۇز،
ياپرىقى بولسىمۇ، ئەمما يېمىشسىز.
بۇگۈن ئايرىلىشتىن يۈرىكىم گىريان،
ئەزىز يارنى قولدىن چىقىرىپ ھەيران.
نە كۆزدە ئۇيقۇ بار، نە دىلدا راھەت،
ئازاب ئوتى ھەممىنى ئەيلەمىش غارەت.①

خوجا سەمەندەر تېرمىزي

① غارەت: تالان ـ تاراج، بۇزغۇنچىلىق، ۋەيرانلىق.

ئايرىلىش ئۆتى جەھەننەم ئوتىدىن كۈچلۈك. ئايرىلىش ئۆ-لۈمدىن يامان.

«ئاتىلار سۆزلىرى» دىن

ئەزىزىم، يارانلار پىراقىنىڭ دەردى ۋە دوستلار ھىجرانىنىڭ رەنجى ئەڭ ئېغىر دەردلەردىن بىرىدۇر. مەلۇمكى، ئالەمنى سەيىر ئېتىش ۋە ئىنسانىيەت ياراتقان باغلارنى تاماشا قىلىش سۆيۈملۈك دوستلار ۋە خۇشخۇي رەپىقىلەر بىلەنلا كۆڭۈللۈكتۇر.

—خوجا سەمەندەر تېرمىزىي

ھېكمەت ھەكىملەرنىڭ ھېكمەتلىرىدە كەلتۈرۈلۈشىچە، يال-غۇزلۇقتىن ئېغىر ئەمگەك يوق، بىراق يالغۇزلۇق يامان ئۈلپەتتىن ياخشىدۇر. بېيىت:

يالغۇزلۇقتىن ئېغىر رەنج يوق جاھاندا،
بىلەمسەن ئۇندىن بەتتەر نەرسە نېمە؟
—يامان ئۈلپەت بىلەن ياشىماق ئېرۇر.
دېمەك، قاچقىن ئۇنداقلاردىن، دوست دېمە!

مەجدىددىن خەۋافىي



ھېكمەت ئەزىزىم بىلگەيسەنكى، كىمكى ئۇلۇغلۇق تاجىنى بېشىغا كىيىپ، سالامەت بولاي دېسە، ھەركەت كەمىرىنى بېلىگە باغلىغاي، كۆرمىدىڭمۇ، پىيادىلەر شاھماتنىڭ كاتەكلىرىنى بې-سىپ ئۆتكەنلىرىدىن كېيىن مەردانىلىكلىرى تۈپەيلى پەرزىنلىك دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلىدۇ. كىچىككىنە ئاي ئون تۆت كۈنلۈك

سەيردىن كېيىن ھىلاللىق دەرىجىسىدىن تولۇن ئايلىق مەرتىۋىسىگە يېتىدۇ. بېيىت:

پاكىز ئىنسانلار كۆرمەيدۇ خارلىق،
لەئىل ھەم كاندىن چىقىپ، زەرگە ئېرىشتى.

خوجا سەمەندەر تېرمىزىي

ئەقىل ـ پاراسەتلىك كىشى خەلق بىلەن دوستانە ئۆتىدۇ. خەلق بىلەن چىقىشالمىغان ئادەم راھەت يۈزىنى كۆرەلمەيدۇ.

كىمكى ئەل بىرلە مۇرەسسە قىلمىدى،
ئۆمرىنىڭ شېرىنلىكىنى بىلمىدى.

«ئاز ـ ئازدىن ئۆگىنىپ دانا بولۇر» دىن

—قايسى ئادەم، قايسى مىللەت ياخشى؟—دەپ سورىدى بىرەيلەن دانىشمەندىن.

— مانا مۇشۇ ئىككى قولۇمدىكى توپىنىڭ قايسىسى ياخشى؟—دېدى دانىشمەن ئىككى قولىغا يەردىن توپا ئېلىپ. كېيىن ئىككى قولىدىكى توپىنى بىر ـ بىرىگە قوشۇپ، — ئىككى قولۇمدىكى توپىنىڭ بىر ـ بىرىدىن پەرقى بولمىغىنىغا ئوخشاش، ھەممە خەلق، ھەممە مىللەت بىر ـ بىرىگە بۇرادەردۇر.

«ئاز ـ ئازدىن ئۆگىنىپ دانا بولۇر» دىن



ئالىي ھىممەتلىك ئادەم ئىلتىپات ۋە مەرھەمەت قولىنى كۆپچىلىك مەنپەئىتى تەرەپكە ئاچىدۇ. ئەگەر زامان ھادىسىلىرى ئۇنىڭ ھىممەت ئېتىنى بۇ يولدا تايدۇرسا، سەۋر ـ تاقەت تىزگىنىنى قولىدىن چىقارمايدۇ. خەلق مەنپەئىتى يولىدا قىلغان خىز-



متى ئۇچۇن بىرەر نەرسە تەمە قىلمايدۇ. كۆرمىدىڭمۇ؟ قۇياش نۇ-
رىنى ھەرقانچە چاچسىمۇ، يەردىن ئۇنىڭ بەدىلىگە ھېچ نەرسە تەلەپ
قىلمايدۇ. گۇل ئۆز خۇش پۇرىقى بىلەن ھەممىنىڭ دىمىغىنى
خۇشبۇي قىلسىمۇ، ھېچكىمدىن ياردەم ئارزۇسىنى ئېسىگە كەل-
تۈرمەيدۇ. بىر دانىشمەن ئېيتىدۇ:

كىشىگە ھەرگىز تايانماس ھىممەت ئەقلى دائىما،
ئاسماننىڭ گۇمبىزى تۇرغاي تاناپ ۋە تۈۋرۈكسىز.

«ئاز - ئازدىن ئۆگىنىپ دانا بولۇر» دىن

ھۇسەيىن ۋايىز كاشىفىي ئېيتىدۇ:

بىرەر ئىشقا غەيرەت بىلەن كىرىشكەن كىشى مۇشەققەت
تارتىشتىن قورقمىسۇن. ئەگەر غەيرىتى سايىسىدا ئىشى ئەمەلگە
ئاشسا ئىنتايىن ياخشى. مۇبادا ئىشى مەغلۇپ بولسا، ئۇ ئاقىللار
ئالدىدا ئۆزرىلىكتۇر. بۈيۈك مەقسەت يولىدا ھىممىتى ئۇستۇن
كىشى خەلق كۆڭلىدە ساقلىنىدۇ.

تەلەپتە كۇشىش قىلارمەن ئەگەر تاپسام نە ئارماندۇر،
ۋە گەر مەقسەت قولۇمغا كەلمىسە ھەم ئۆزرەم ئاساندۇر.



«ئاز - ئازدىن ئۆگىنىپ دانا بولۇر» دىن

دېموكراتىيە خەلق ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرۇپلا قالماي،
يەنە خەلقنىڭ خەلقنى باشقۇرۇشىنىمۇ كۆرسىتىدۇ.
—ئوسكار



www.uyghurkitap.com

دموكراتىيە —خەلق رايىنىڭ ئىپادىسىدۇر، ئەڭ يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدىغىنى بىر ئادەم، بىر توپ ئادەملەر بولماستىن، بەلكى خەلقتۇر. ئىگىلىك ھوقۇقى خەلققە مەنسۇپتۇر.

—كامفورت

دېموكراتىيە ئىلىم ـ پەن بىلەن قول تۇتۇشقاندىلا، ئۇنىڭ كەلگۈسى بولىدۇ.

—گوركىي

دېموكراتىيىنىڭ ئاچقۇچى — خەلق ئارىسىدا، دېموكراتىيە جاھالەت ۋە نادانلىق ئىچىدە ھەرگىز باش كۆتۈرەلمەيدۇ. ئۇ پەقەت مەدەنىيەت نۇرى ئاستىدا قەددىنى رۇسلىيالايدۇ.

—ئوشئاس

دېموكراتىيە قائىدە ـ تۈزۈم، كەڭ قورساقلىق ۋە ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىشقا موھتاج. ئەركىنلىك باشقىلارنىڭ ئەركىنلىكىنى ھۆرمەت قىلىشقا موھتاج.

—نەھرۇ

دېموكراتىيىنىڭ نۇقسانلىرى تېخىمۇ چوڭقۇر دېموكراتىيە بىلەن يېپىلىپ كېتىدۇ.

—تىمس

مەن بىر ئۆمۈر ۋاقتىنى، بارلىق تىرىشچانلىقىمنى دۇنياغا بېغىشلايمەن. خەلقنى خۇشاللىقى ئۈچۈن، ئۆگەنگۈچىلەرگە پايدىلىق يارىتىش، خەلق ئىشلىرىغا خىزمەت ئۈچۈن ئىشلەيمەن.

—هارۋى

**مەجمۇئە ئىسمى:** ھېكمەت دۇردانىلىرى مەجمۇئەسى
**كىتاب ئىسمى:** خەلق، بەگ ـ ئەمەلدارلار ھەققىدە ھېكمەتلەر
**پىلانلىغۇچى:** مۇرات ئىلى
**باش تۈزگۈچى:** ئادىل مۇھەممەت
**تۈزگۈچىلەر:** ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن
ئايشەمگۈل ئايۇپ
جۇرئەت نىياز
بىلقىز مۇھەممەت
**تەكلىپلىك مۇھەررىر:** ئامىنە كىچىك
**مەسئۇل مۇھەررىر:** ئەنۋەر قۇتلۇق
**مەسئۇل كوررېكتورى:** قەييۇم تۇرسۇن
**نەشرىيات:** شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى
**ئادرېسى:** (830000 ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى 36 ـ قورۇ)
**تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
**زاۋۇت:** شىنجاڭ شىنبوۋېن مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
**فورماتى:** 880×1230 مم 32/1
**باسما تاۋىقى:** 3 باسما تاۋاق
**خەت سانى:** 51 مىڭ خەت
**نەشرى:** 2008 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
**بېسىلىشى:** 2008 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ قېتىم بېسىلىشى
**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978-7-80744-423-7
**باھاسى:** 9.90 يۈەن

(باسما ۋە بەت تۈپلەشتە خاتالىق كۆرۈلسە زاۋۇت بىلەن ئالاقىلىشىڭ)